# قىرتاق دەرد

## مۇتەللا ئەھەد قىرانى

مەنبە: تارىم ژۇرنىلى 2013-يىل 6-سان



ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدىم، راستىمنى ئېيتسام نېمىنى يېزىپ، نېمىنى يازماسلىقنى بىلەلمىدىم. ئۆزۈم ئاڭلىغان ئاشۇ ھېكايىلەرنى ئەسكە ئالغىنىمدا، يۈرىكىم ئاغرىپلا قالماي، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت گىرەلىشىپ كەتكەن روھىي دۇنيارىم ئۆنسىز تىترەيتتى. كىمگە ياش تۆكۈپ، كىمگە مەدھىيە ئوقۇشنى بىلمەيتتىم. تاللاش مېنى ھەقىقەتەن قىينايتتى. كاللامدا توختاۋسىز پەيدا بولۇۋاتقان سوئال بەلگىسى ماڭا بىردە كۈلۈپ قارىسا، بىردە غەزەپلىنىپ قارايتتى. ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن يالغۇزلۇقتىن ۋاز كېچىپ، ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ باقتىم. توۋا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام ئىشەنمەسكەنمەن. مېنى ئازابلاۋاتقان ئاچچىق ھېكايىلەرنىڭ يېنىمدىلا، مەن ۋە قوۋمىم ياشاۋاتقان رېئاللىقتا مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلا خىيال قىلمىغاندىم.

قىشنىڭ نەچچە ئۇزاق كېچىسىنى تاڭغا ئۇلىغىنىم ئېسىمدە يوق! قولۇم ھەر بىر تىترىگەندە كۆزۈم ياش تۆكەتتى، ئاپپاق قەغەز ئۈستىدە قېلىۋاتقان داغلار ئازابىنىڭ نېملىكىنى قايتا سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى.

* * * * * * *

- تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

ئۇنىڭ تاتلىق ئۈيقۇسىنى بۇزۇۋەتكۈم بولمىسىمۇ، شۇنداق دېمىسەم بولمايتتى، چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ھەم ئىككىمىزنىڭ توي خاتىرە كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ مېنى قۇچاقلىشىنى، سەھەرنىڭ قىزىل شەپىقىگە قوشۇپ باغرىغا بېسىشىنى، لەۋلىرىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ مېنى قۇتلۇقلىشىنى خالايتتىم. ئەپسۇس ئۇ كۆزىنى ئاچمىدى، تىلەكلىرىمنى ئاڭلىغۇسى يوقتەك شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. قولۇمدىكى سوۋغىنى بوينىغا ئېسىپ قويغۇمنىڭ بارلىقىنى بىلمىسىمۇ كۆزىنى ئېچىپ قويغان، ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ «بىرگە بولسۇن» دەپ قويغان بولسا، نەقەدەر خۇشال بولغان بولاتتىم-ھە!

ھەر قېتىم توي خاتىرە كۈنىمىز كەلگەندە ئۇ ئاۋۋال قۇت تىلەيتتى، ئاددىي بولسىمۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ سوۋغا تەقدىم قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق مېنى خۇشال قىلىشنى، ئۆزى ئاتا قىلىۋاتقان بەختنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئويلايتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇخشىمايتتى. مەن سوۋغا بەرمىسەم، ئۇنى قۇتلۇقلىمىسام، ئۆزۈمنى ئادەمگەرچىلىك قىلمىغاندەك،

قەرزداردەك تۈيغۇدا ئۆرتۈنۈپ قالاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە قەرزدار ئەمەس. بارلىق سوۋغاتلار پەقەت كۆڭۈل ئۈچۈنلا بېرىلىدىغان ماددىي بۇيۇم بولغاچقا، بۇنچە ئىنچىكىلەپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئادەمگە بىر خىل بەخت ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئاشۇ سوۋغات بۇيۇملىرى مېنى بۈگۈنگە قەدەر ئالداپ كەلگەنىدى.

ئۇنى كۈتتۇم، شەپەق دېرىزەمدىن تاراپ كەتكۈچە كۈتتۇم. ئۇ بارلىق ئۈيقۇسىنى ئەتەي بۈگۈنگە ئېلىپ قويغانىدەك، يېڭى بىر تاڭنىڭ كۈلۈپ باققىنى بىلەن ھېسابلاشماي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. سەۋرىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن، سوۋغىنى ياستۇق ئۈستىگە قويۇپلا ياتاق ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. گەرچە بۇ ناھايىتى ئاجىز نارازىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ چۈشىنىشىنى، كۆڭلۈمنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلىشىنى ئويلايتتىم. ئۇنىڭ كەينىمدىنلا كۆزىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، قايتا ياتاق ئۆيگە كىرىپ سوۋغىنى قولىغا ئېلىپ قارىغان-قارىمىغانلىقىنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە رايىم يوق ئىدى. مەيلى ئۇ سوۋغامدىن خۇشال بولسۇن ياكى ئارتۇقچە دەپ بىلسۇن ماڭا بەربىر، تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن قەرز قايتۇرغىنىمدىن نەپرەتلەنمىسىلا كۇپايىلىنەتتىم.

تويىدىن بۇرۇن ئۇنى بەكلا چوڭ كۆرەتتىم، ياتلىق بولسام ئاشۇنداق بىر يىگىتكە ياتلىق بولۇشنى خىيال قىلاتتىم، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ چۈشىمۇ كۆرگەنىدىم. چۈشنى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ دېسە كىم ئىشىنىدۇ! ئەمما مەن بۇ خىل رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن زاكونلىشالايتتىم ھەم ئۇلارغا بۇ رېئاللىقنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگىنىمنى ئېيتىپ بېرەلەيتتىم. شۇنداق، مەن كۆرگەن چۈشلەر خۇددى پېشانەمگە يېزىلغان تەقدىرىمگە ئوخشاش تۇرمۇشۇمدا يۈز بېرىشكە باشلىغانىدى. ئالىي تېخنىكومنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، تاسادىپىي ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ئۇچرىشىشنى تاسادىپىي دېگەندىن كۆرە، بىر قېتىملىق مەقسەتلىك ھەم پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسا كېرەك، چۈنكى مەن ئۇنى ئالايتەن ئۆزۈم شەخسىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىشنى تونۇشۇش باھانىسى قىلغانىدىم.

- سەردار مۇئەللىم، يېزىمىزدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى، سەن ئىزدەيدىغان ھەم تەلىم ئېلىشنى خالايدىغان ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ياش.

ئۆزۈمدىن بىر نەچچە ياش چوڭ دوستۇم ساجىدە ئۇنى ماڭا شۇنداق

تونۇشتۇرغانىدى. مەن ئۆلارنىڭ ساۋاقداش ھەم يېقىن ئۆتكەندىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان ھەم ئەگىتىپ تۇرۇپ مەقسىتىمنى قەيت قىلغانىدىم. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى پەرەز قىلىپ بىلەلمىگەن تەقدىردىمۇ سەرداردىن باشقا ئادەمنى تەۋسىيە قىلمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتەتتى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا سەردارنى ئۆزىنىڭ ئۆلگىسى ۋە چوقۇنىدىغان ئادىمى دەپ بىلەتتى. مەن ئۆلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرگەن، ئۇلار بەك يېقىن ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن ئارىسىدا تىخى مۇھەببەت رىشتىسى باغلانمىغانىدى.

- ساجىدە ئويىڭىزنى ماڭا ئېيتتى، سىز ئويلىغان يەردىن چىقالماي، ئۆمىدىڭىزنى يەردە قويارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئۇ ناھايىتى تۆزۈتلۈك ئىدى، ھەر بىر ئېغىز سۆزنى ئېھتىيات ۋە سىپايىلىق بىلەن ئېيتاتتى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ساجىدەنىڭ ھەرچاغ ماختاشقا تەييار ئېغىزى ئېچىلغانىدى.

- سەن ئۇنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن قىلىپ تەربىيەلىيەلەيسەن، بۇ جەھەتتە تالانتىڭنىڭ بارلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان. يېزىمىزدا سەن ئوقۇتقان باللار نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈۋاتامدۇ؟

- ئۇ باشقا گەپ. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان، بەزى مەسىلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بولالماسلىقىم مۇمكىن.

- ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىككىڭلار ئورتاق پىكىر يۈرگۈزسەڭلار ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە نېمە قىلسۇن!

- ئېيتماققا بەك ئاسان، بۇ قىزنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلمىدىم.

- سانىيە، بىز ئۇنى سانگۈل دەپمۇ چاقىرىمىز، ساڭا بىر قانچە قېتىم گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدىمغۇ! ئېسىم قۇرۇسۇن! سېنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن.

- بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن پەرەز قىلغانىدىم، مېنى كۆرگەنلا ئادەمگە تەكرار قىلىپ بىرىشكە تونۇشتۇرمايسەن.

- سەردار بەك ئەقىللىق جۇمۇ! ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ.

ساجىدەنىڭ كۆزۈمگە قاراپ كۈلۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن يۈزلىرىمگە قىزىللىق تەپكەن چېغى يۈزۈم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا باشقىچە مەقسىتىمنىڭ

يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولساممۇ، ئېغىز ئېچىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتىم. شۇ دەقىقىدە سۆز باشلىغۇدەك بولسام، تىلىم كالۋالىشىپ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان ئىچ سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتىم ھەم ساقلىنالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەردارنىڭ بىر قاراپلا ئادەمنىڭ ئويلىغىنىنى بىلىۋالىدىغان، ئويلىرىنىڭ تېگىگە يېتىۋالىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلالمايتتىم.

ئۇ راستتىنلا كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغانمىدۇ؟ مېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلغۇدەك، ئويلىرىمنى سۆزلەپ يۈرگۈدەك بولسا ساجىدەنىڭ ئالدىدا يەر بىلەن يەكسان بولارمەنمۇ، قىزلىق غۇرۇر يول قويمايدىغان يولنى قارامىلىق بىلەن تاللىۋالغىنىم توغرا بولغانمىدۇ، دېگەنلەرنى تېزلىكتە ئويلاشقا باشلىدىم. بارغانسېرى ئويلىرىم شاخلاپ، بىر-بىرىگە چىگىلىپ قېلىۋاتاتتى. شۇ مىنۇتلاردا سەردارنىڭ قانداق ئويلىشى مۇھىم بولۇپلا قالماي، ساجىدەنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم بولۇۋاتاتتى.

- ئاكا-سىڭىل ياكى ياخشى دوستلاردىن بولساڭلارمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن ئانچە قىزغىنىپ كەتمەيمەن. ھەي سەردار، ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدىم. ئەمدى ئۇنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭدە كۆرۈپ، ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارسەن!

ساجىدە ئېغىزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئويلىمايتتى. قايسىبىر قىزنىڭ مۇشۇنداق كېلىشكەن، سۇباتلىق ھەم ئىقتىدارلىق يىگىتنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە كۆزى قىيسۇن! ئەمما ساجىدە شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ كۈنگە قەدەر سەردارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇشنى ئويلىغان ھەم تالاي قېتىم ئۇرۇنغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. ساجىدە بۇ ھەقتە ماڭا سۆزلەپ بەرمىگەن، ئاشقىسىز مەشۇقلۇقى ھەققىدە دەرد ئېيتمىغان بولسىمۇ، بۇنى پەرەز قىلماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

- مېنىڭ يەنە يۇقىرىلاپ ئوقۇغۇم بار ئىدى. يېزىدىن بارغاچقىمىكىن، تەبىئىي پەنلەردە شەھەر بالىلىرىغا يېتىشەلمەيۋاتىمەن، شۇڭا

سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، سەردارنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانىدىم. ئۇ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىمنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولغانىدەك، رەسۋا بولىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالغانىدەك، ھەممىنى ساجىدەگە دەۋېتىدىغانىدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ئامالسىز بولغانلىقىم سەۋەبلىك چىچىمنى

بارماقلىرىمغا قايتا-قايتا چىگىپ، ماشا تىكىلگەن كۆزلەرگە ئۈنسىز قاراپ تۇراتتىم، بۇ كۆزلەر سۆزلەشنى بىلىدىغاندەك سۆزلەۋاتاتتى.

«باھانە يوللۇق ياكى يولسىز بولسۇن كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىز بۇ قارارنى ئەقلىگە تايىنىپ، ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن چىقارغان. ئۆزۈمنى سىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇشقا لايىق دەپ قارىمىسامۇ، ماشا بولغان ھېسسىياتىڭىزنى قەدىرلەيمەن. بۇ تەكلىپنى رەت قىلغۇدەك ئاساس تېخى مەندە يوق، ئەمما سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، كۆڭلىڭىزدىكى سىرلارنى يوشۇرۇپ قالالايمەن، دەپ خاتا ئويلاۋاتىسىز! كۆڭلىڭىزدىكىنى يۈرەكلىك دېگەن بولسىڭىز يېقىن دوستىڭىز ساجىدەنى ئالدىمىغان، ئۇنىڭ ھەقىقىي دوستلۇق ھېسسىياتىغا داغ چۈشۈرمىگەن بولاتتىڭىز. ئەخمەق قىز، ھەممىنى يوشۇرغىلى بولغان بىلەن مۇھەببەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ!»

كۆزلىرىم كۆزلەرگە جاۋابەن ئاستا شىۋىرلايتتى، كۆزلىرىم ئەمەس، يۈرىكىم نىدا قىلىۋاتاتتى:

«مەن قانداقمۇ ئۇچۇق ئېيتالايمەن. ھەممىسى مۇشۇ ساجىدەنىڭ كاساپىتى، يۈرىكىمگە بۇ ئوتنى ئۇ ياققان. كىم ئۇنى ھە دېگەندە سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ يۈرسۇن، قەلبىمگە مەنىۋى ئوبرازىڭىزنى تىكلەپ قويسۇن دېگەن!»

- شۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە، بۇ تەتىلدە ئۇنى شەھەرلىكلەردىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەلاچى ئوقۇغۇچى قىلىۋېتىمىز!

ساجىدە ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزغانىدى. قىزلارنىڭ ئىچكى نىماندىاق تار كېلىدىغانلىقىدۇ، دەپ ئويلاپ كەتتىم. ئۇ بىزنىڭ ئۈنسىز مۇكدىشىۋاتقىنىمىزنى بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەس، قەلبىدىكى رەشىك ئوتى، خاراكتېرىدىكى چىدىماسلىق شۇنداق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغىنى ئېنىق، بەلكىم مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسامۇ، بۇ خىل سۆزلىششكە يول قويمىغان، يۈرەك نىدالىرىنى ئاڭلاتمىغان بولاتتىم.

- قېنى تىرىشىپ باقاي!

سەردارنىڭ بۇ سۆزى مېنى خۇشال قىلغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرگەن، مېنى رەت قىلمىغانىدى.

سەھەرنىڭ مەيىن شاملى چاچلىرىمنى يەلپۈتەتتى، ئېغىر قەدەملىرىم تۇنۇگۇنكى يامغۇر بوشىتىپ قويغان ئېتىز قىرلىرىغا ئىز قالدۇرماقتا ئىدى.

ياتاق ئۆيدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، قولۇمنىڭ ئىشقا بارمىغىنى، كۆڭۈل

ئارامىمنىڭ يوقلۇقى مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. سىرىقتال ياپراقلارغا چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرى ماڭا ئوخشاش كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك سۇس پارقىراپ تۇراتتى. تالاي قىرلارنى كېسىپ ئۆتكۈچە قۇرۇپ سارغايغان ياۋا گۈللەرگە نەزەر سالدىم، پۇراقسىز قاقشال بەرگىنى ھىدلاپ كۆردۈم. باھاردا ھەممىنىڭ دىلىنى لال قىلىدىغان ياۋا گۈللەرنىڭ تېزلا خۇش پۇرىقىنى يوقاتقىنىدىن ئۆكۈندۈم. گۈللەردىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ شۇ گۈللەرگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم.

مەن جەزبىدارلىقىمنى يوقاتقۇدەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتقۇدەك بەكمۇ قېرىپ كەتمىگەنىدىم. ئانا بولغاندىن كېيىنمۇ تويى كۈنى تۇنجى كىيگەن ئەتلەس كۆڭلىكىم ئېچىگە بەدىنىم تىقىلىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنىلا قىز چاغلىرىمدىكى ھالىتىمنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم. ئۆرۈمە چاچلىرىمنى تېقىمىمغا تاشلاپ، تېخى توي قىلمىغان قىزلاردەك قاشلىرىمغا ئوسما قويۇپ، مەيدەمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭاتتىم. «چېچەن ئايال ئۆزىنى ئېرىگە پەردازسىز كۆرسەتمەيتۇ» دېگەندەك، زىلۋالىقىمنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، يۈزلىرىمگە تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، مېنى كۆزلىگەن-كۆزلىمىگەن، ۋىسالىمغا بىر رەت يېتىشنى خىيال قىلىدىغان-قىلمايدىغان يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەپسۇس، بارلىق تىرىشچانلىقىم ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىمنىڭ بىلىپ-بىلمەي يوققا چىقىدىغىنىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

بۆگۈن نېمىشقىدۇ توي كۈنى كىيگەن ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيگۈم كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، ساندۇقىمنىڭ تېگىدىن تەستە ئىزدەپ تاپقانىدىم. بەلكىم قولۇمدا سوۋغا، ئۇچامدا ئۇ ياقتۇرىدىغان ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن كۆز ئالدىدا قايتا پەيدا بولۇشنى ئويلىغانىدىمەن. ئۇنىڭ چۈش ئېچىدىن ئويغىنىپ، مېنى بۇرۇنقىدەك باغرىغا مەھكەم بېسىشىنى ئىستىگەندىمەن. مۇھەببەتلەشكەن چاغلىرىمدىكىدەك شېرىن زۇۋان سۇرمىسىمۇ، كۆڭلۈمنى ئاز-تولا ياساپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغاندىمەن.

شۇ چاغلاردا بەختنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھېس قىلغان بولغىيمىدىم؟ ئۇنىڭ شېرىن-شېكەر سۆزلىرى بىلەن ئوتلۇق قۇچاقلاشلىرى ئەقلىمنى لال قىلىپ، بەخت ھەققىدىكى ھۆكۈمىمگە چەك قويغان، ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە بولغان قارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنغۇ! بۇ تامامەن ئۆزۈم ئويلىغان ئېھتىماللىقتىن يىراق ئەمەس، مۇھەببەت ئادەمنى قارىغۇ قىلغان يەردە، ئەقلىمنى بوغۇپ تاشلىماسمۇ! مۇھەببەتتە نېمە گۇناھ؟ يۈرىكىم كۆلگەن، قەلبىم ئوتلۇق ھېس-تۇيغۇلارغا تولغان

دەملەردە سۆيگۈنىڭ ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەسلىكىنى كۈيلىگەن ئەمەسمىدىم!

ھەر ئىككى كۈندە بىر رەت ئۈنىڭ ئىشخانىسىغا تەكرارغا بارااتتىم. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى كۆرگەچ، مېنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمغا ياردەم قىلاتتى. ئۇ كەم سۆزلەيتتى، مەن ئېغىز ئاچمىغىچە ئالدىراپ بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇ قەدەر تۇتۇۋالغان ئىدىكى، نەزەرىدە مەن ئىشخانىسىدا يوق ئىدىم. ئۇ مېنى مەسىلىنى يېشىش ئۇسۇلى ئۇستىدە ئىزدىنىشۋاتىدۇ دەپلا ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ پۈتۈن ئوي-پىكرىم ئۈنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبەتتە بولۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇشتا ئىدى. قەستەن گال قىرىش، يېنىك يۆتىلىشلەر كار قىلمايتتى. ئۈنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا نەقەدەر تەشنالىقىمنى ئېيتالمايدىغانلىقىمنى راستىنلا بىلمەيتتى ياكى قەستەن بىلمەسكە سېلىۋاتاتتى.

- بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئەمەس، ھەقىقىي ئاچقۇچ يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭ يېنىڭىزدا بولۇشۇم پەقەت بىر ۋاستە، خالاس!

ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچىسى، ھېچ نېمە بىلمەيدىغان، تېخى يېتىلمىگەن كىچىك بالا كۆرۈۋاتاتتى. بارا-بارا پىشىپ بېرىۋاتقان ھېسسىياتىم، شاخلاشقا باشلىغان ئويلىرىم بىلەن ھېسابلاشمايۋاتاتتى. مەن ۋاقتىنى بۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتسەم، شېرىن خىيال بىلەن كېلىپ، قۇرۇق ئاچچىقنى يۇتۇپ قايتسام بولمايتتى.

- سىز ئېيتقان ئاچقۇچنى پەقەت قولىدىن چىقىرىۋەتكۈم بولمىسىمۇ، بەزىدە ئامالسىز قالىدىكەنمەن.

- مەن ئىشەنمەيمەن، كۆزۈم ئۆزۈمنى ئالدىمايدۇ. سىزنى تۈنجى كۆرگەندىلا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلغۇدەك ناچار ئوقۇغۇچى ئەمەسلىكىڭىزنى بايقىغانمەن.

ئۇ توغرا ئېيتقانىدى. سىنىپتا ئالدىنقى ئۈچىنىڭ بىرى بولۇپ ئوقۇۋاتقىنىم، تولۇق كۇرسنىڭ دەرسلىكىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىپ بىر يەرگە ئاپىرىپ بولغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. دېمىسىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىدىغان ئىش نەدە بار؟ ئەسلىدە ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولىدىغان يەردىغۇ! سەردار مېنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى سۇرۇشتۇرۇپ بىلىۋالمىغان تەقدىردىمۇ، ئاشۇ ئەقەللىي ساۋات ئارقىلىق پەرەز قىلىپ بىلەلەيتتى.

- مەن راستىنلا بەزىدە قىينىلىپ قالىمەن، شۇڭا بۇ تەتىلدە...

- ھەممە ئادەمنىڭ قىينىلىدىغان ۋاقتى بار. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئۆز ئىزىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار...

سەردار ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنى بۇنداق ئاددىي ئۇقۇملارغا مىسال ئالالمايدىغان، بۇنچە ئۇزاق ئويلىنىدىغان يىگىتلەردىن سانىمايتتىم. ئۇ چۈشەندۈرۈشتىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك، بىر نەرسىنى ئېيتىشنى نومۇس ھېس قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىۋاتاتتى. مېنىڭ ئېغىزىنى كوچىلىغۇم، ئاستا-ئاستا پىكىر يوللىرىغا باشلاپ كىرگۈم كېلەتتى-يۇ، جۈرئىتىم يوق ئىدى. ئۆزۈممۇ ئانچە گەپ ئۇقمايدىغان، بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشالمايدىغان قىزلاردىن ئەمەس ئىدىم، دوستلىرىم بىلەن ئوچۇق-يورۇق، ئەركىن-ئازادە مۇڭدىشالايتتىم. ئۇلار تېخى مېنى «سەن بەك گەپدان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلىسەن. سەن بىلەن پاراڭلاشقان ئادەم ئۆزى بىلىپ-بىلمەي ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىپ سالىدۇ» دېيىشەتتى. مەن شۇ سەردارنىڭ ئالدىدا ئويلىرىمنى يىغالماي، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالاتتىم، مەنشۇنداق زۇۋانى بار، گېپى يوق گاچا بولۇپ كېتەتتىم.

كۈنلەر شۇنداق جىمجىت ئۆتەتتى، سەرداردىن سۆز كۈتەتتىم، كۆزلىرىمگە قايتا بىر قارىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا جۈرئەتسىزلىكىمدىن ئەپسۇسلىناتتىم. بىراق ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلەش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم-يۇ، يەنە ئۇيقۇمنى نەزەربەند قىلىدىغان خىياللارغا غەرق بولاتتىم. مەن پەقەت خىيال ئىچىدە سەردار بىلەن ھەممە گەپنى دېيىشەلەيمەن ھەم كۆزلىرىنىڭ تەكتىگە كىرىپ كېتەلەيمەن. شۇنداق، مەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تەكتىگە ئەمەس، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم، شۇ تەتىلدىكى سۆھبەتسىز دەملەر رىشتىمىزنى باغلاپ قويغانىدى.

ئۇ كۆڭلۈمنى ياساشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، ئويلىغىنىمنى ئۆزۈم ئېيتىپ بەرگەندەك تېپىۋالاتتى. ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىش بىلەن ئۆزىمۇ خۇشاللىق تېپىشنى ئويلاپلا يۈرەتتى. ئەجەبا بۈگۈن ئۇ ئۆزگەرگەندىمۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇ خۇشاللىقنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىشقا قانداق ئالاھىدە كۈچ سەۋەب بولۇۋاتقاندۇ؟ ماڭا خۇشاللىق، بەخت ئورنىغا ئازار، كۆتۈرۈپ تۈگەتكۈسىز دەرد-ئەلەم بېرىشكە رايى بارلىقىغا ئىشەنسەم، يەنە خاتالىققا يول قويغان بولارمەنمۇ؟ ! دېگەن سوئال يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ، تومۇرلىرىمغا

قۇرت كىرىۋالغاندەك قاتتىق قىينايتتى، كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمنىڭ بار-يوقلۇقى ھەققىدە ئويلاندۇراتتى.

* * * * *

قىزىمنىڭ ئايىغى چىققان كۈنى، سىڭلىم شەكىلە ئوقۇشىنى تامامالاپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئانامنىڭلا ئەمەس، ئىككى ئاجىزەنىڭ بەختىمۇ دەل شۇ كۈنى يوق بولغانىدى. ئاتام شەكىلەنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىۋېتىپ ئېشەك ھارۋىسىدىن يىقىلىپ كېتىپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ پالەچ بولۇپ قالغانىدى. چوڭلار «بىر خۇشاللىق بىر قايغۇنى ھەمراھ قىلىپ كېلىدۇ» دېسە نېمە دەيدىكىن دەپ ئويلىغان بولغىيتتىم، ئەمدى بىلسەم، ئۇلارنىڭ دېگىنى ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ئاچچىق كەچمىشىنىڭ ھەققىتى ئىكەن. يىغلىغان بىلەن تەقدىرنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتكىلى بولسۇنمۇ؟ ناۋادا شۇنداق ئېھتىماللىق مەۋجۇت دېيىلسە، ئانامنىڭ كۆنبويى ياش

تۆككىنىگە ئاتام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە، ئۆز ھاجىتىنى ئۆزى راۋا قىلغان بولسا بولاتتى.

- سىڭلىڭنى ماڭا يۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ دېسەم يامان بولىدۇ، ئۇنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق بىلەن تۇغقان ئانىغا ئوخشىماي قالىمەن. ئەمما ئۇنىڭ بەڭباشلارچە قىلىدىغان جېدىلى ئاتاڭنىڭ ئېغىرچىلىقىدىنمۇ جىق!

ئانامنىڭ شەكىلەدىن قاقشىغاندەك ئېيتقان سۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مەن شەكىلەنىڭ بەك ئەركە چوڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى بۇ مىجەزنىڭ ئاتامدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم. كىچىكىمدە ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالغۇدەك بولسام، مەيلى گۇناھ كىمدىن ئۆتمىسۇن، زىيان تارتىدىغان، تىل ئاڭلايدىغىنى يالغۇز مەن بولاتتىم. ئاتام ئۇنى ماڭا ئوخشاش قىزى ئورنىدا ئەمەس، ئۆزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئوغلى ئورنىدا كۆرەتتى. دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى، ئاچ قالغان پاشىنىڭ چېقىشىغىمۇ يول قويمايتتى.

- نېمە دەيدىغانسەن! ئۇ بويىغا يېتىپ قالاي دېگەنىدىمۇ يەنە شۇ باللىقىنى قىلىۋاتامدۇ؟

- ئۇنى بىر دېمە، تېخىچە ئىچ كىيىمىنى ماڭا يۇيۇشقا بېرىۋاتىدۇ. سوغۇق سۇ تۇتسىلا قولۇم سىرقىراپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغىنىنى بىلمىسە، كاشكى!

- ئۇنى ئۆزۈڭلار يامان ئۆگىتىپ قويغان، مەكتەپتە باشقىلار يۇيۇپ بەرمىگەن

بولغىيتتى؟

- باشقىلار يۆيۈپ بېرىدىغانغا بىر يەرنىڭ مەلىكىسىمىدى ئۇ! يۆيۈشنى ئۆگىنىۋېلىپ كۆرۈپ، يېڭىنى ئېلىپ كىيگەن گەپ.

- مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ ھېلىمۇ ھەر ھەپتىسى بۇ ئۆيگە كەلگىنىمدە، ئۇششاق ئىشنىڭ تولىلىقىدىن ئۆزۈمنى ئالالماي قالىمەن. بۇنداق دېسەم مېنى جاپادىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ، ئاتا-ئانىسى ئۇچۇن قىلغانلىرىغا مىننەت قىلىۋاتىدۇ دېمىگىن! بەزىدە مەنمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كېتىمەن.

- ئۆز قېرىنداشلىرىڭدىن بىزار بولساڭ بولمايدۇ، قىزىم مەن تېخى ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇشنى ئويلىغان.

- ماڭا! ؟ مەن ئۇنى باشقۇرۇپ بولالمايمەن.

ئانام ماڭا ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە شەكلەنى مەن ئادەم قىلالايتتىم ھەم ئۇنىڭغا ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىتەلەيتتىم. بېشىمغا تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك، ئېغىر غەمگە پاتقىنىمدىن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئانامنىڭ ئۆتۈنگەندەك تەلەپپۇزدا ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، پۈتۈن خىيالىم ئامال بار ئانامنىڭ بۇ ئويىنى يوققا چىقىرىشتا قالغانىدى. ئويلايتتىم، شەكلەنى يامان ئۆگىتىپ قويغان ئاتامنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن بولسىمۇ نارازى بولسام بولمايتتى. شەكلەنىڭ ئورۇنسىز جېدەلى بىلەن ئانامغا تايىنىۋېلىشى ئاتامنىمۇ بىزار قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ ئانامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماسلىقىمنى ئۆزى بىلىدىغان ئىشارەتلەر بىلەن ماڭا ئۇقتۇرماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەت شەكلەنى مېنىڭ ئۆيۈمگە بىر ئەزا قىلغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆيۈمگە ئوتتۇرا ئېخنىكومنى يېڭى پۈتكۈزگەن بىر قىز ئەمەس، يەنە بىر كىچىك بالا كۆپەيگەنىدى. مېنىڭ ئۇچۇنمۇ، شەكلە ئۇچۇنمۇ كۈنلەر تەستە ئۆتەتتى، ھەممىنى نۆلدىن باشلاپ ئۆگىتىشىمگە توغرا كېلىۋاتاتتى. شەكلەنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا بۇنچە چولتىلىقىنى بۇرۇن ھېس قىلمىغان، بىرەر قېتىممۇ بايقىمىغان ئىكەنمەن. قاتتىق گەپ قىلاي دېسەم، بىر قورساقتىن چۈشكەن، بىر ئەمچەكنى ئەمگەن قېرىندىشىم ئىدىم. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتەي دېسەم، تالالىق بولغاندا قىينىلىپلا قالماي، يەنە باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامغا ۋەدە بەرگىنىم ھېلىھەم ئېسىمدە، قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ تۇراتتى.

- يىپەك كىيىملەرنى قولۇڭدا ئۈۋۈلاپ يۇيغىن!

- تەييار كىر يۇيۇش ماشىنىسى تۇرسا، جاپا تارتىپ نېمە كەپتۇ.

- بۇ كۆڭلەكنى نېمە قىلىپ قويىدۇڭ؟ ئاقارتىش سۇيۇقلۇقىنى ئامال بار ئاز ئىشلەتكىن دېمىدىممۇ!

- ئادەممۇ قېرىپ كېتىدىغۇ، بىرەر قۇر كىيىمنىڭ رەڭگى ئۆڭگەنگە نېمە بولاتتى.

- ئۇتنى بەك چوڭ ئېچىۋەتمە!

- دەم يېمەيۋاتسا، يەنە قاچانغىچە ساقلايمەن.

ئۇ يەنە شۇنداق ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۇ... ئۇ سەۋەنلىكتە گەپ تېپىپ بېرەتتى، بىرەر قېتىممۇ «ماقۇل ياكى بىلدىم» دېگەندەك جاۋابتا بولمايتتى. بەكرەك زوكۇنلىشىپ قالغان چاغلىرىمىزدا سەردار ئارىغا چۈشۈپ مېنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ قوياتتى.

- ئاستا-ئاستا ئۆگىنەمەدۇ، شۇنىڭغىمۇ ئاچچىقلىنىش كېتەمدۇ؟ ئۇ تېخى ئېغىرىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن كىچىك بالا تۇرسا، ئازراق يول قويسىڭىز بولمامدۇ؟

مەن ئامالسىز ئاچچىق يۇتۇشقا، ھەر ئىككىيلەننىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يول قويۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئاران ئىككى ياتىقى بار ئۆيۈمدە شەكىلەنىڭ ئىچ كىيىم بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى ئوچۇق قويۇپ، ئۆييان-بۇيان مېڭىپ يۈرۈشلىرى، ئەتىگەندىن-كەچكىچە تېلېۋىزورغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇشلىرىغا قارىسام، سەردارنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي شۇنداق قىسىلاتتىم. شەكىلەنىڭ قاتتىق قۇلاقلىقى تۈپەيلى ھېلى ئېيتقان نەسىھەت بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ بولاتتى. كۆنۈم شۇنداق جىلچىلىك ئىچىدە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ ئۆتىسمۇ چىداپ كېلىۋاتاتتىم.

سەردار بىلەن توي قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە، باشقىلارنىڭ بىر ياتاق ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشىغاندۇق. قىزىم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش ئالدىدا قەرز قىلىپ دېگۈدەك بۇ ئۆينى سېتىۋالغان ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئوردىسىدا بەختىنىڭ كۆلكىسىگە تېخىمۇ چۈمۈلۈپ كېلىۋاتاتتۇق. تەرەپپىل كەلگەن ئاتامنىڭ قىسمىتى، ئانامنىڭمۇ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىشى، ئۆز ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، ئۆزى ھەم چىقىشنى خالىمايدىغان شەكىلەنى ماڭا ھەدىيە قىلغىنى تازا ئادىل بولمىسىمۇ، مەن بۇ تارتقۇلۇقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ بولالمايتتىم. مەيلى نارازى

بولاي، مەيلى يالغاندىن كۈلۈپ ئۆتەي ئاتا-ئانامغا پەرزەنتلىك، شەكلەگە ئاچلىق بۇرچۇم ھەم مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىسام بولمايتتى.

ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى چوڭ ئۆيگە قاتراپتتىم. ئانامغا قارىشىپ بەرمىسەم، ئۆينىڭ ئىچى-يېنىك ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ تۈرمىسام بولمايتتى. ئاتامنىڭ كېسىلى داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىدەك، باشتىكى بىر ئىزنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقان شۇ ۋاقىتنىڭ قاچانلاردا كېلىدىغانلىقىغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى، ئىگەمنىڭ ئاتامغا مۆجىزە ئاتا قىلىشىنى تىلىمەكتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. ئانامنىڭ دۇئاسى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ بىكار كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىراپ كېتىشى بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالاتتىم. ئاتامنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈش ئىستىكىمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئوغۇل بولۇپ يارالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىناتتىم، كۆزلىرىمنى يوشۇرۇن ياشلاپ ئۆتتۈۋاتاتتىم.

شەكلە باشقا ئىشقا يارىمىسىمۇ، قىزىمغا بىر قانچە كۈن قاراشقا يارايتتى. ئۇ ئۆيدە بولغاچقىلا، سەردار ۋە قىزىمدىن خاتىرجەم ئىدىم. قاتتىق قوللۇقۇم ۋە ئەستايىدىللىقىم ئۇنىڭغا بەزى ئىلگىرىلەشلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. تاماقنى دېگەنىدەك ئوخشىتىپ قىلالمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۆيدىكىلەرنى ئاچ قويمايتتى. ئۇنىڭ بىر ئادىتى ئادەم قوبۇل قىلالمىغۇدەك قىزىق ئىدىكى، تاماقتىن كېيىن قاچا يۇيۇشنى قەستەن ئۇنتۇپ قالاتتى. ئىككى كۈنلۈك قاچا-قۇچا ئاشخانا ئۆيگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى كۈتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى زورىغا تۇتۇۋېلىشنى ئۆيلىسامۇ تۇتۇۋالالمايتتىم، شەكلەنى تىللاپلا كېتەتتىم.

- ئۆلگىچە ئادەم بولمايدىغان شۇم! مېنى ساياھەت قىلىپ، ئارام ئېلىپ كەتتى دەمدىكىنا؟ خۇددى شاھزادىگە ياتلىق بولىدىغاندەك تەييارغا ھەييار بولۇشتىن باشقىنى بىلمىگەن، مېنى چارچاپ ئۆلسۇن دەيسەنغۇ، شۇ!

شۇنداق تىللىۋالسام ئاچچىقىم يېنىپ، قۇشتەك يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك، ئىچىمدىكى دەردلىرىم بىر يولى چىقىپ كېتىدىغاندەك، سەردارنىڭ ھاي بېرىشىگە ئۇنىماي تىل سالاتتىم. يەنە شەكلەنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن، ئاتامنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمىغىنىدىن ھار ئېلىپ يىغلاپمۇ كېتەتتىم. تەلىيىمگە سەردارنىڭ كۆيۈنۈشى، مېنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بار ئىكەن، بولمىغاندا تەڭقىسلىقتا تۇگۇشۇپ كەتكەن بولاتتىم. ناۋادا ئۇ ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىشىمنى چەكلىسە، شەكلەنى ئېغىر ئالسا قانداقمۇ

قىلاتتىم! ئەلھۆكمىلىللا دەپ كۆز يېشى قىلماقتىن باشقا چارە بولارمىدى؟ ياق، ئۇنداق ئاقىۋەتنى ئويلىغۇم، ھەتتا خىيال قىلغۇمۇ يوق!

ھېيتقا ئاز قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تىپخچە سەردارنىڭ تەييارلىقنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بازارغا بىرىشقا جابدۇنغان كۈنى ئانام مېنى تۇيۇقسىز چاقىرتىپ كەتكەچكە، بىللە بىرىشقا ئامالسىز قالغانىدىم. سەردار ئاشۇ قېتىملىق تېلېفوندىن بىر ئاز نازارى بولغان بولسىمۇ، چىش يىرىپ بىر نەرسە دېمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتىم، شەكلە ئۆيىمىزگە كەلگەن ئالتە ئايدىن بۇيان كۆنلىرىمىزنىڭ قانداق ئۆتىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

- مەلىكەمنىڭمۇ بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگۈسى بار ئىدى، ئەپسۇس خانىش ئانىسى شاھ ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىدىن چاچراۋاتقان ئوتقا قارىماي، يەنە قېچىپ كېتىدىغان بولدى-دە!

چاقچاق ئارىلاش ئېيتىلغان سۆزلىرىم سەردارنى خۇشال قىلالمىدى، چىراي ئىپادىسىدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمىدى. مەن ئۇنىڭ كىيىم تاللاشنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرىمەيتتىم، بەلكى يالغۇز بازار ئايلىنىش بىلەن خۇشى يوقلۇقىدىن خىجالەت ھېس قىلاتتىم.

- يالغۇز بارغۇڭىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن، خالىسىڭىز شەكلە بىلەن بالىنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ، بولامدۇ؟

- سىز يولىڭىزدىن قالماڭ، بازارنىڭ ئىشى كىيىنچە بىر گەپ بولار! يامىنى كەلسە، بالىنى ئانامنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويارمەن.

ئۇ شەكلەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بىرىشنى خالىمايدىغانلىقىدەك قىلاتتى. خىيالىنى ئوچۇق ئېيتمىغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى، شەكلەنىڭ بەزى قىلىقلىرى ئۇنى بىزار قىلىپلا قالماي، يول يۈرۈشتىكى ناينىاقلىقىمۇ كۆزىگە سىغىپ كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ كۆزۈمدە ئارتۇق گەپ قىلماي، شەكلەنى ئۆز سىڭلىسى ئورنىدا كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى.

- كېيىنگە ۋاقىت يوق، گېپىمنى ئاڭلاپ بۈگۈنلا بىرىپ كېلىڭلار!

سەردار ئادەتتە بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈمنى خالىمايتتى، ئۆتۈنۈش بىلەن سۆزلىشىمگىمۇ يول قويمايتتى. ئىككەيلەن ئەزەلدىن بىر خىل ئازادىلىك ئىچىدە پاراڭلىشىشنى، ئويلىغانلىرىمىزنى يوشۇرماي ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئەمما، مەن بۈگۈن

قائىدىمىزگە مۇخالىپ ھالدا ئۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپ سالغاندىم. سەردار بۇ قېتىم ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ قارىمىغان ھەم بۇگۈنكى سودىنى ئەتىگە قويماسلىقتا ماقۇللۇق بەرگەندى. مەن سەردارغا شەكلەگمۇ ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ بېرىشنى ئېيتىۋاتقىنىمدا، شەكلەنىڭ ئارىغا گەپ قىستۇرۇشى سەردارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندى.

- مەن بارمايمەن، يېزنەم ماڭا قانداق كىيىم ئېلىپ بېرىشنى نېمە بىلسۇن! پۇلنى بەرسەڭلار، ئۆزۈم دوستلىرىم بىلەن بېرىگە ئېلىۋالىمەن.

- توغرا دەيدۇ، مەن مودىدىن يىراق تۇغۇلغان، سېپىي ئۆزىدىن سەھرالىق بولغاندىكىن، مودا قىزلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلارغا يارىمايمەن.

- نېمىمۇ دەيدىغانسىز، سىزنىڭمۇ كىچىك باللار بىلەن تەك بولىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدىكەن-ھە؟ ئۇنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالماڭە!

سەردارغا بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، شەكلەنى قانات ئاستىغا ئالغىنى ئۇچۇن تەنە قىلسام، يەنە بىر ياقتىن شەكلەنىڭ سۆزىدىن بىئارام بولۇۋاتقان كۆڭلىنى ياساشقا باشلىغاندىم. ناۋادا مەن ۋاقتىدا داۋاسىنى قىلمىسام، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ تۇرمىسام، تەرسالىق كېسىلى تۇتۇپ قالاتتى. سەردارنى ھەممە ئادەم مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق مىجەزلىك يىگىتلەردىن دەپ تەرىپلىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى خېلى يېتىلگەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاسانلىقچە چىگىپ قويمايدۇ. ئەمما يۇقۇملۇق كېسەلدەك ئاسان يانىدۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل تەرسالىقى باركى، ئادەمنى تونۇشقانغا تويغۇزۇپ قوياتتى. شەكلە يېزنىسىنىڭ تەرسا مىجەزىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئېغىزىغا كەلگەننى ئۇدۇللاپ ئېيتىپ سالغاندى.

- بولدىلا، ئۆزۈم يالغۇز بارغانغا ئوغرى ئېلىپ قاچماس! قىزىمىز نەچچىنچى نومۇرلۇق ئاياغ كىيەتتى؟

سەردار بۇ قېتىم ئاسانلا ئاچچىقىدىن يانغاندى. ئۇنىڭ بۇ باتۇرلۇقىدىن ھەيران بولمىدىم دېسەم خاتالاشقان بولاتتىم. مۇھىمى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرسا مىجەزىنى شەكلەگە كۆرسىتىشنى خالىمىغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا شەكلەنى بىر نەرسە دېگۈدەك بولسام، سەردارنىڭ ماڭا قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشىنى، مەن ئامال بار ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان تەرسا مىجەزىنىڭ تۇتۇپ قېلىشىنى يوق دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، مەن كۆڭلۈمدە ئۇ كەتكەندىن كېيىن، شەكلەنى تازا بىر

ئەدەپلىمىسەم دەپ ئويلىدىم، ئەمما شەكىلەنىڭ ئۇستاتلىقى بۇ خىيالىمنى يوققا چىقارغانىدى.

- قەستەن ئېيتقىنىم يوق، ھەدە! مەن سەردار ئاكام بىلەن بىللە بازار ئايلىنىشتىن ئۇيالدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىلگەنلەر بىر نېمە دېمىگەن بىلەن، بىلمىگەنلەر سەردار ئاكامغا تۆھمەت قىلمىسۇن دېدىم.

شەكىلەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدىم، ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى ئېچىپ تاشلىغۇم، ھۆرمەتسىزلىكىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرۈۋەتكۈم بار ئىدى. بىراق، ئۇ كۆزلەرگە قارىغانسېرى سەبىيلىكىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ساينىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىگەنىدىم. بالىلىق ماراپ تۇرغان كۆزلەر شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىغان بىلەن شەكىلەنىڭ بالىلىقىغا ئىشىنەلمەيتتىم. ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، كۆڭلىگە سان پۈكمەيدىغان قىزلىق پېشىدىن ھالقىپ بولغانىدى. نېمە دېيەلەيمەن! بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي كېتىپ قالسام، ئۇ يەنە ھەددىدىن ئاشاتتى، يامان خۇيىنى تاشلىمايتتى، «يېزنەم ئېغىز ئاچقۇدەك بولسا، ھەدەم ئارا تۇرىدۇ» دەپ ئويلاپ، يۈگەنسىز توسۇن تايدىن قېلىشمايتتى.

- چاقچاق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئويلاپ سۆزلىگىن! سەردار سەن چاقچاق قىلىدىغان دوستۇڭ ئەمەس، بەلكى يېزنەڭ! ئۆزۈڭنى قونچاق ئويناپ يۈرىيدىغان، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىسەڭ بولىدىغان كىچىك قىز كۆرۈۋاتامسەن؟ ئېسىڭدە بولسۇن، مەيلى كىمگە گەپ قىلغىن، ئەدەپ بىلەن سۆزلەشنى، قىز بالىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرم-ھايانى بىلمىسەڭ بولمايدۇ!

بۇ سۆزلىرىمدىن شەكىلە ئازراق قىزارغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلمىغاندەك قىلاتتى. گەرچە نارازىلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتمىغان بىلەن پەش قېقىپ كىرىپ كېتىشى شۇنداقلىقىنى ھېس قىلدۇرماي قالمايتتى. ئۇنىڭ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، غۇدۇراپ دېگەن گەپلىرى، ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنى ئويغا سالماي قالمايتتى.

- كەچكىچە بويۇمغا يەتكىنىمنى چىشلەپ تارتىدىكەن، يەنە ئۆيدىن چىقارماي كىچىك بالىدەك باشقۇرىدىكەن.

شەكىلە ئەمەلىيەتنى سۆزلەۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەندىن بۇيان سىرتقا چىقىپ باقمىغان، دوستلىرى بىلەن بازار ئايلىنىپ كۆرمىگەنىدى. سەردارنىڭ قارشى تۇرۇشى، ئۇنى قۇترىتىشى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەي، قاتتىق قول باشقۇرغۇچى بولۇپ كېلىۋاتاتتىم. شەكىلەگە باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى

قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىنىش پۇرسىتى بەرمىگەنىدىم. قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ تۆت تام ئىچىدە ئولتۇرۇش، تېلېۋىزور ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بولۇپ قالغانىدى.

شەكلەگە ئارتۇق سۆزلىيەلمىدىم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنى، پۇرسەت بېرىشنى ئويلاپ باقمىنىغىم يۈرىكىمنى ئاغرىتقانىدى. مەندە نېمە ئامال؟ ئاتامنىڭ بەختسىزلىكى يۈز بەرمىگەن، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇ دوستلىرى بىلەن كۈلۈپ يۈرگەن، ياشلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن بولار ئىدى. ئانامنىڭ سۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆرۈنلۈكى مېنىڭ شۇنداق قاتتىق قول بولۇشۇمغا سەۋەبكار ئەمەسمۇ؟ ئۇنى كىم باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ سىڭلىم بولۇپ تۇغۇلسۇن دېگەن؟ تۆرىلىشىدە خاتا تۆرەلگەن بولغاندىكىن، مېنىڭ قارىشىم ۋە ئەخلاق مىزانىم بويىچە چىداپ ياشىشى كېرەك!

ئۆزۈمنى ئۆزۈم شۇنداق بەزلەپ، يۈرىكىمدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاچچىقنى يوق قىلىشقا ئۇرۇناتتىم، شەكلەنى كەچۈرۈش ياكى كەچۈرمەسلىكنى قارار قىلماقچى بولاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئەخلاق قارىشىنىڭ توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرالمايۋاتاتتىم. سەردارنىڭ مېنى ئەيىبلىشى، شەكلەنى قانات ئاستىغا ئېلىشى ئۇنىڭ ئاشۇ گەپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تۆلەنگەن ئېغىر بەدەل بولدىمۇ قانداق، دەپ شۈبھىلىنەتتىم. مەيلى، شەكلە قانچىلىك ئۇۋالچىلىق تارتقان بولسۇن، يېزىنىسىگە ئۇنداق گەپ قىلسا، كۆزگە ئىلمىغاندەك پوزىتسىيە تۇتسا ھەرگىز بولمايتتى.

*     *     *     *     *

ئاتام بىرئاز ئۆرە تۇرغۇدەك بولغان بولسىمۇ يەنىلا سۆزلىيەلمەيۋاتاتتى. قول ئىشارىسى ئارقىلىق مەقسىتىنى تولۇق بايان قىلالمىغانسېرى مىجەزى ئوساللىشىپ كېتەتتى. ئۆي ۋە تالانىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرى بىر ئانامغا قالغاچقا، ئەسلىدىكى جۈدەڭگۈ تۇرقى كۈندىن-كۈنگە كىچىكلەپ، مۈكچىيىپ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شەكلەنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىكى ئانامنى تېخىمۇ چارچىتىپ قويۇۋاتاتتى. مەن سەردارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەر ھەپتىسى بىر-ئىككى كۈن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاز-تولا تەسەللى ئاتا قىلىۋاتقان بولسامۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ھەر ئىككىلىسىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتىم. ئانامنىڭ كۈنسايىن ئاقىرىپ كېتىۋاتقان چاچلىرى بىلەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئويلىسام، خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگۈم، ھاياتىنىڭ

ئاخىرقىدەملىرىگە ھەمراھ بولغۇم كېلەتتى. شەكلەنىڭ بىكۆيۈم، باشباشتاقلىقىغا قاراپ ئاچچىقتا يېرىلغۇدەك بولسامۇ، ئاتامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن چىداشقا رازى بولۇۋاتاتتىم.

- شەكلەدىن رەنجىمە، ئۇمۇ بىر كۈنلەردە سەندەك چوڭ بولۇپ، ھەممىنى ئويلايدىغان بولىدۇ. ئاتاڭنىڭ بۇ ھاياتىدا شۇ بىرلا غېمى بار، شەكلە بولمىسا ئۇمۇ ياشيالمايدۇ.

ئانامنىڭ يۈزۈمگە ئېيتىۋاتقان بۇ سۆزلىرى يۈرىكىمنى ئەزدى. ئۇ دېمىسىمۇ ئاتامنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىر شەكلەلا بار، مەن خەقنىڭ بالىسى ئىدىم. ئوقۇشنى قانچىلىك تەستە تاماملىغىنىم، ئاتىلىق مېھرىنىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلمىغىنىم ئاز كەلگەندەك، ئانامۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە شەكلەنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى. ئانام چىرايىمنىڭ ئۆڭگىنىنى، كەيپىياتىمنىڭ بىردىنلا ئوساللاشقانلىقىنى ھېس قىلغان چېغى، سۆزىنىڭ داۋامىنى ئۆكشۈالغانىدى.

- ئاتاڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەن، ئۇ سېنى ئەركىلىتىپ باقمىغىنى بىلەن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ.

ئانامغا بۇ سۆزلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن دېيەلمەيتتىم. بۇ دۇنيادا ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ ئىشەنمەيتتىم. ئاتام مېنى شەكلەنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلمىسىمۇ، يامان كۆزىدە قارىمايتتى.

- ئاتاڭنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، شەكلە كەلگەن كۈنى دېمەكچى بولغان. قېرىشقاندەك بۇ بەختسىزلىكنىڭ ماراپ تۇرغىنىنى دېمەمدىغان، شۇ گەپلىرى قورسىقىدا قېلىپ، قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلسەڭ ئىدى، ئاتاڭدىن يەنە ئاغرىنىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ!

- مەن ئاتامدىن ئاغرىنمايمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يۈرىكىدىكىنى ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ ھەممە گەپلىرىنى دەيدىغان، ئاتىلىق مېھرى بىلەن پېشانەمگە سۆيىدىغان كۈن چوقۇم كېلىدۇ!

- ئىلاھىم، تىلىگىنىڭ كەلسۇن، بالام! ئاللا بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىڭنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ.

ئانام ئۇزاق دۇئادىن كېيىن بېشىمنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ سۆيۈشى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ۋە ئوتلۇق بولمىغىنى بىلەن، شۇ قەدەر مېھىرلىك بولۇپ بىر خىل رازىمەنلىك، سۆيۈنۈش ۋە قىيالماسلىق بار ئىدى.

- ئەمدى يولغا چىققىن، ئۆيۈڭگە بارغۇچە كەچ قالىسەن، كۆيۈئوغۇل بالام ئەنسىرەپ كەتمىسۇن!

- ئاتامنىڭ يېنىدا يەنە بىردەم ئولتۇرۇۋالاي، ئۆيدە كەچلىك تاماق قىلىپ بېرىدىغانغا شەكلە بار ئەمەسمۇ!

ئاتام بىلەن خوشلىشىپ بولغان بولسامۇ، ئانامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداقلا كەتكۈم كەلمىگەنىدى. قول سومكامنى پېشايۋان ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان چەللىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇپ، ئاتام ياتقان ئۆيگە كىردىم. ئاتامنىڭ كۆزلىرى ياشلانغان بولۇپ، ئانام بىلەن ھويلىدا قىلىشقان گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ خۇددى مېنى باغرىغا باسقۇسى باردەك، غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئاتامنىڭ بار كۈچىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، پالەچ بولۇپ قالغان ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاتتىم، ئاتامنىڭ قۇچىقىغا- بىردەم بولسىمۇ ئاتا مېھرىنى ھېس قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن قۇچاققا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

مەن ئۆزۈمنى ئاتامنىڭ باغرىدا ئەڭ بەختلىك قىزلاردىن ساناندىم. قەلبىمدىكى بارلىق قاراڭغۇلۇق يوقاپ، يېڭى ئاتقان تاڭدەك جۇلالىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتام ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىزلىقىغا تەن بەرگۈسى يوقتەك، ھەدېگەندە بار غەيرىتىنى كۆرسىتىپ باقاتتى. مەن ئىچىمدە «ھېس قىلدىم، ئاتا! مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم» دەپ شىۋىرلىغانچە، ئاتامنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلايتتىم، پېشانەمنى ئېڭەكلىرىگە توختىماي سۈركەيتتىم، نەملەنگەن يۈزلىرىگە يۈزۈمنى ياقاتتىم.

ئان-ام قولۇمدىن تارتىۋەرمىگەن بولسا ئاتامنىڭ باغرىدىن ئايرىل-غۇم ي-وق ئىدى. بۇ ئانامنىڭ بەك كەچ قالماسلىقىمنى ئەسكەرتكىنى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىگەنىدىم. ئۇنىڭغا مېنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىمنى چۈشەنگەن، ئۆز خاھىشىمغا قويۇۋەتكەن بولسىڭىز، مەن ئاتامنى باغرىم قانغۇچە قۇچاقلىۋالاي، بىرەر قېتىم كەچ قالغانغا سەردار مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەس ئىدى، دېگۈم كېلىۋاتاتتى.

سەردار بىرئاز خاپىغان كۆرۈنەتتى، كەچرەك قايتقىنىم ئۈچۈنمۇ ياكى تاماقسىز قالغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشىكتىن كىرگىنىمدە قاراپمۇ قويمىغانىدى. شەكلەنىڭ بۇ كەچتە قەيەرگە قېچىپ كەتكىنىنى بىلمەيتتىم. مەلىكەم بىلەن كارى بولمىغىنى ئاز

كەلگەنـدەك، يۈزنىـسـىگە تامـاقمۇ قىلـىـپ بەرمىگەنـىدى. سـەردارغۇ چـوڭ ئـادەم، بـىـرەر قېـتىم ئاچلىققا چىداپ كېتەر، ئەمما مېهمانخانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىدا ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالغان مەلىكەمگە قاراپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتكەنىدى. سەردارمۇ مېنى كۆرسۇن دېگەنىدەك، بالىنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ قويمىغان، ھەتتا ئۈستىگە بىر نەرسە تاشلاپ قويۇشقىمۇ قارا بولغانىدى.

- مۇشۇمۇ بىر ئاتىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ بالىغا ئازراق بولسىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىمىدىمۇ؟-دېدىم ئۆزۈمنى يىغىدىن تەستە تۇتۇۋېلىپ.

- شۇنداق، ئاتا بولۇشنى ئاسان دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ياخشىراق ئويلىشىدىكەنمەن!

سەردارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلاتتى. كۆزلىرى يەنىلا مەندە ئەمەس، ئادەتتە كۆپ كۆرۈپ كەتمەيدىغان تېلېۋىزوردا ئىدى.

- بۈگۈن گەپلىرىڭىز بىرئاز غەلىتە تۇرامدۇ نېمە، بىرەر خاپىلىقىڭىز يوقتۇ؟-دېدىم مۇلايىملىق بىلەن.

- مەندە خاپىلىق نېمە قىلسۇن، خاپىلىقنى ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرسام.

- تەنە سۆزلىمەي، كۆڭلىڭىزدىكىنى ئۇدۇللا دېسىڭىز نېمە بولار!

- مەندە كۆڭۈل ئۆلگەن ئوخشايدۇ.

سەردارنىڭ تولۇق تېگىشى، قۇچىقىمدىكى مەلىكەمنىڭ سوغۇقتىن تىترىشى ۋۇجۇدۇمغا بىر سوغۇق ئېقىم باشلاپ كىرىۋاتاتتى. سەردار ھەرقانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ بۇنداق قوپال مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغان بولغاچقىمىكىن، كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تەرسالىق كېسىلى تۇتۇپ قالدىمىكىن دېسەم، چىرايىدا كېسەللىك ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مەندىن قېيىداپ قالغىنىنى، بۇ ئارقىلىق ماڭا ئاز-تولا بولسىمۇ «مېنىمۇ ئويلاپ قوي» دېگەندەك، تەنبىھ بەرگۈسى بارلىقىنى پەرەز قىلىۋاتاتتىم.

- كۆڭلىڭىز ئۆلگەنىدەك ئەمەسقۇ، كۆزلىرىڭىز ماڭا قېيىداۋاتقانلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتامدۇ. كۆزۈمگە قاراڭا، ئۇ مەندىن يۈز ئۆرىدىمىكىن، ئوبدان بىر قاراپ باقاي!

- مېنىڭ كۆزۈم خائىن ئوخشايدۇ.

سەردار مېنىڭدىن بۇرۇن كۆلۈۋەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ خاپا بولۇشىنى قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى، يالغاندىن قېيىدىغان بىلەن بىردەمدىلا كۈلۈپ

تاشلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم، بۇ قېتىممۇ ئۇ مېنىڭ ئازراق ئەركىلىشىمگە تەسلىم بولغانىدى.

- شەكلەنى بىر يەرگە ئەۋەتكەنمۇ؟

ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە «شەكلە قېنى» دەپ سورىيالمايتتىم. چۈنكى، ئۇلار ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت تېخى ئاخىرلاشمىغان سەردارنىڭ ئوچۇق چىرايى ۋە خۇش چاقچاقلىرى شەكلەگە نىسبەتەن ئاتا قىلىدىغان كۈنلەر كەلمىگەنىدى. سەردار بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگۈسى يوقتەك، مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپلا ئۇن چىقمىغانىدى. مەن ئۇ راستىنلا بىلمەمدىغاندۇ ياكى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايۋاتامدىغاندۇ دەپمۇ ئويلىدىم. تېلېفون ئۇرۇپ بېقىشنى باھانە قىلىپ، سەردارنىڭ ئېغىزىدىن ھەقىقىي گەپنى ئېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. شۇڭا يانفونۇمنىڭ توكى تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىمىدىم، سەردارنىڭ «ئۆزۈڭنىڭ يانفونىچۇ» دېمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

- يانفونىڭىزنى بېرىڭا، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ باقاي!

- مەن نەچچە رەت تېلېفون قىلدىم، ئۇ يانفوننى ئۆيگە قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

- نەگە چىقىپ كېتىپتۇ، بۇ كەچتە!

- بىلمىدىم. ماڭا ئېيتىپ قويىدىغان ئادەممۇ ئۇ!

- بىر نەرسە دېمىگەن بولسىڭىزلا؟

- مېنى يەنە كونا خامانىنى ئەزۋەيلىگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

- ياقەي، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

- بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۇنى ئالىدىغان ئوغرىنىڭ يۈرىكى ئون ئەمەس! سىرىقئاش ئەكىرىمەن، دەپ چىقىپ كەتكىنىگە خېلى بولدى.

ئۇ ئاخىر شەكلەنىڭ دېرىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئاداۋەت ساقلىمايدىغانلىقىنى، ئەپۇچان، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

- ئۇنى كەچۈرۈۋېتىپسىز-دە؟

- ئۆزىڭىز «كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولماڭ» دېگەنىدەك بىر گەپنى قىلغانىدۇ دەيمەن، خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن!

سەردارنىڭ كۆلۈمسىرىشى ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى، شۇنداق بولغاچقىلا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھەم تەلەيلىك ھېسابلايتتىم. ئەينى ۋاقىتتا تەشەببۇسكار بولغانلىقىم، قىزلىق غۇرۇرۇمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ياخشى كۆرۈپ

قالغانلىقىمنى ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلانماي كېلىۋاتاتتىم.

- ھە راست، ئاتىمزنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بارمۇ؟ مەن بىللە بېرىپ كېلەي دېسەم...

سەردار سۆزىنى قاق يېرىمىدا توختىتىپ، داۋامىنى ئېيتىش-ئېيتماسلىقنى مىنىڭدىن سوراۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە مەنىلىك قاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە بارغۇسى بارلىقىنى، ئەمما يول قويمىغانلىقىمنى بىر دەۋالغۇسى بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كۆڭلىدە مېنى ئەيىبلەش ئارقىلىق، كۆيۈئوغۇللۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئاتا-ئانامنىڭ ئۆزىنى باشقىچە ئويلاپ قالغان-قالمىغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى.

سەردارنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئۆزۈم ئېيتىپ بەرگىنىمدە، ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپلا قالماي، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق دېمەكچى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئەقلىمنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە سۆزنى قەستەن ئۈزۈپ قويغانلىقىنى قايتا-قايتا قەيت قىلىپ ئۆتكەندى. ئۇنىڭ تەكەللۇپ قىلىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئۆزۈمچە كۈلۈپ تاشلىغىنىمنى دېمەمدىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ شەيتانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى سەردارنىڭ كۆڭۈل ئاياشقا بارغانسېرى ئۇستا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا مەستلىكىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئىدى. سەردارنىڭ كۈلكەمنى قانداق مەنىدە چۈشەنگەنلىكىنى بىلمىدىم. كۆزلىرىمگە قاراشلىرىدىن ھەرھالدا بۇ كۈلكەمنىڭ مەسخىرە كۈلكىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى بىلگەندىم. مەن پەقەت ئۇنى قەستەن تەقەززا قىلىشنى، ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمگە ئۈزاقراق قارىشىنى ئويلاپ، ئالدىراپ ئۇن چىقارمايۋاتاتتىم.

- قېيىنئاتام مېنى سورىمىدىما؟

ئۇ كۆزلىرى ئارقىلىق گەپ ئالالمىغاندىن كېيىن، سوئال سوراشقا باشلىغانىدى.

- مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسا، قىزىمىزنىغۇ سورىغاندۇ؟

ئۇ ھەر بىر سوئالنى تاشلاپ بولۇپ كۆزلىرىمنىڭ ئىچ-ئىچىگە تىكىلەتتى. جاۋابىمنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزلىرىدىن كۆزلىرىمگە تۆكۈۋاتاتتى.

- ئاتام سىز كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش، ئەسلىگە كەلمىكى بەك ئاستا بولۇۋاتىدۇ. شۇ ئانام بىچارە...

سەردار ھەر قېتىم ئاتام تىلغا ئېلىنسىلا كۆز يېشى قىلىدىغىنىمنى بىلىدىغان بولغاچقا، سۆزۈمنىڭ توختاپ قالغىنىنى، كۆز يېشى قىلغىنىمنى توغرا چۈشىنەتتى. مېنىڭ

بۇ دۇنيادا كۆز يېشى ئارقىلىق دەردلىرىمنى تۆكۈپ بېرىدىغان ئادىمىمۇ شۇ سەردار ئىدى.

- ئانىمىز ھەرگىزمۇ بىچارە ئەمەس، بىز ئۇلارغا غېرىبلىق ھېس قىلدۇرمايمىز.

سەردار تەسەللىگە شۇنداق ئۇستا ئىدى، كۆز ياشلىرىمنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ، ئاتامنىڭ چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئانامنىڭ يەنە كۆلەڭگىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك بەزلەپ قوياتتى.

- ئۇلار سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى؟

- ئەلۋەتتە رازى بولۇشى كېرەكتە، مەن دېگەن يالغۇز ئوغۇل تۇرسام!

- كىم سىزنى يالغۇز ئوغۇل دەيدۇ؟ ئوغۇلدىن قىلىشقىچلىكى يوق ئۈچ قىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

سەردار دائىم ئۆزىنى بىزنىڭ ئۆيگە «يالغۇز ئوغۇلمەن» دەپ چاقچاق قىلاتتى ھەم ئوغۇللۇق مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەيلى ئاتامنىڭ، مەيلى شەكلەنىڭ ئىشىدا بولسۇن، بىرەر قېتىم نارازى بولۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئانام كۆرگەنلا ئادەمگە: «ماشا ئاللا ئالتۇندەك بىر كۈيئوغۇل ئاتا قىلغان» دەپ ماختىناتتى.

- مەن كەچلىك بازارغا قاراپ باقاي، شەكلە يەنە بىرەرسى بىلەن...

سەردارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنى ماڭا ئايان ئىدى. دېمىسىمۇ شەكلەنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە بىرئاز ئايىغى چىقىپلا قالماي، يانفونىدا سۆزلىشىشلىرىمۇ باشقىچە سىرلىقلىشىپ، بىكار بولسىلا يانفونىنى ئويناپدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش يالغۇز مېنىلا ئەمەس، سەردارنىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. سەردار شەكلەنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇچىقىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەلىكەمنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۇم.

بۇ ناھىيە بازىرىدا بەك چوڭ بولمىسىمۇ ئۆزىگە يارىشا خېلى قىزىيدىغان، توخۇ سۈتىدىن باشقا نەرسە تېپىلىدىغان، خېرىدارى ئۈزۈلمەي تۈن يېرىمىگىچە تاقالمايدىغان بىر كەچلىك بازار ئىدى. بۇ بازارنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ، بۇ يەردىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەننىڭ بۇ بازارغا باشقىچە مېھرى بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلار ھەر كۈنى بۇ كەچلىك بازارنى بىر قۇر ئايلانمىغۇچە، كۆڭلى تارتقان بىرەر نەرسە يېيىشمىگۈچە ئۆيلىرىگە قايتىشمايتتى ياكى ئۇخلىيالمايتتى. نېمىشقىكىن، مەن بۇ بازارنى دېگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم. سەردار زورلاپ ئېلىپ چىققان ۋاقىتلاردا، ئامال بار تېزرەك قېچىشنىڭ غېمىدە بولاتتىم. مېنىڭ بىلەن

قېرىشقاندەك سەردار يەرلىك ئادەملەرگە ئوخشاش، بۇ بازارنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىدى.

سەردار بۇ يەرگە مېنىڭدىن بۇرۇن كەلگەچكىمىكىن، ئۇنىڭ تونۇشلىرى ۋە دوست-يارەنلىرى كۆپ ئىدى. كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئاشۇ بۇرادەرلىرى بىلەن كەچلىك بازارنىڭ ئاۋاتلىقىغا ھەسسە قوشۇپ تۇراتتى. بەزەن كۈنلىرى قۇرۇق قول ئۆيىگە كىرگۈسى كەلمىگەندەك، سېرىقئاش ياكى قوي پاچىقى ئالغاچ كىرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ئامال بار توسۇپ تۇرۇۋاتقان، كەچلىك بازارنىڭ يېمەكلىرىگە ئىشتىھايىمنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىۋاتقان بولسامۇ، كۆڭلۈم ئۇنىمايدىكەن دېگەن باھانە بىلەن ئېغىزىمنى ئېتىپ تۇراتتى. «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك شەكىلەمۇ بۇ كەچلىك بازارغا ئامراق چىقىپ قالغانىدى.

دېرىزىدىن نەچچە رەت قاراپ بولغانىدىم. سەردار بىلەن شەكىلەنىڭ كۆلەڭگىسى ھېچ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ مىجەزىدىن ۋە كەچلىك بازارغا خۇمارلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تېخى قايتىدىغان ۋاقتىغا يەنە بار ئىدى. چارچىغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇلار ئېلىپ كېلىدىغان سېرىقئاشقا زوقۇمنىڭ يوقلۇقىدىنمۇ يېنىم يەر تارتىشقا باشلاۋاتاتتى.

* *

ئاتامنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىن يەرگە ئېتىلىۋېلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن! ئانامنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئالغانىدى. خېمىر يۇقى قولۇمنى پەشتامغا سۈرتۈپلا سەردارنىڭ بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ دېگىنىگە قۇلاق سالماي، يولغا چىققىنىم ئۈچۈن مىليون قېتىم پۇشايمان قىلغاندىمەن. يېرىم يولغا كەلگەندە يانفونۇم سايراپ، تونۇش نومۇر يەنە لىپىلداشقا باشلىغاندا، يۈرىكىم ئېغىزىمغا تېخىمۇ تىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم. تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە قوبۇللاش كۇنۇپكىسىنى باستىم. يانفوندىن مەن كۆپ ئاڭلىغان بىر ئاۋاز كېلىۋاتاتتى.

- قەيەرگە كەلدىڭىز قىزىم، ئاتىڭىز بەك قىينىلىپ كەتتى.

كۆڭلۈم بىردىنلا پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى، چۈنكى قوشنا ئايالنىڭ ئاۋازىدىن ئاتامنىڭ تېخى ھاياتلىقىنى بىلگەنىدىم. مەن بىردەم نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي سۈكۈتتە چۆمگىنىمدىن قوشنا ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانىدىم. يانفوندىن قايتا-قايتا «ۋەي، ۋەي!» دېگەن ئاۋاز كېلىشكە باشلىغاندا، ئېسىمنى يىغىپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

- ئاز قالدىم، ئاتام تېخى...

قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتكەن بولغاچقا، سۆزۈمنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنىڭ ھايات-ماماتلىقىنى سوراشنىڭ ئۆزىمۇ قىيىن ھەم ئەخمىقانە سوئال ئىدى. بىردىنلا سەردارغا تېلېفون قىلىۋېتىشنى ئويلاپ قالدىم-يۇ، يانفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بولۇپ رايىمدىن ياندىم. قەلبىمدىكى ئەنسىزلىك بىرئاز پەسەيگەندەك قىلغان بىلەن، ئاتامنى كۆرمىگۈچە خاتىرجەم بولمايتتىم ھەم بىر قارارغا كېلەلمەيتتىم. سەردار شەكلە بىلەن قىزىمنى ئېلىپ يولغا چىقىپ بولغان بولسا، كەينىگە قايتىپ كېتىشنى ئېيتسامۇ پايدىسى بولمايتتى. ئۇ مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلىسا، ئەيىبلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇلار كەلسە كېلىۋەرسۇن! مۇشۇ باھانىدە ئاتام شەكلەنى بىر قېتىم باغرىغا بېسىۋالسۇن.

ماشىنا شۇنداق ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، شوپۇر ئۇستامنى بىر قانچە قېتىم ئالدىراتقان بولسام كېرەك، كەينى تەرەپتە ئولتۇرغان ئايالنىڭ: «بالىلىرىمىز ئۈچۈن بىزنىڭمۇ ياشىغۇمىز بار» دېگەن سۆزى ئىزادا ئۆلتۈرگەندى. ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم. «ئاتام تۈگەپ كەتكەن» دەيمەنمۇ ياكى «ئاتامنىڭ ھايات-ماماتىنى تېخى بىلمەيمەن» دەمدىم! نېمىلا دېمەي، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شوپۇر ئۇستامنى ئالدىرىتىشمنى خالىمايتتى.

مەھەللىگە كىرىدىغان يولغا كەلگەندە سەرداردىن تېلېفون كەلدى. ئۇنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭغىنىنى بىلمىدىم. مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغانىكەن. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشتىن توختىغان بىلەن، چىرايىمغا چىقىپ كەتكەن جىددىيچىلىك تېخى يوقالمايۋاتاتتى. مەھەللىدىكى تونۇشلارغا باش لىڭشىتىپ سالام بېرىپ، قىيا ئۇچۇق تۇرغان دەرۋازا ئالدىدا بايام تېلېفون قىلغان قوشنا ئايال بىلەن ئۇچراشقانىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆرگىنىم مەيۈسلۈك ۋە ئەپسۇسلىنىش بولغان بولسا، ئېغىزىدىن ئاڭلىغىنىم: «قىزىم، بارچە كەلگۈلۈك ئاتا-ئانىڭزغىلا كېلەمدىغاندۇ؟ ئۇلار زادى نېمىنى خاتا قىلغان بولغىيتتى!» دېگەن سۆزلەر بولغانىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمەن، شۇ دەقىقىدە پۈتۈن ئەس-يادىم تېزرەك ئاتامنىڭ دىدارىنى كۆرۈشتە تۇرسا، كاللامغا بىرەر نەرسە كەلسۇنمۇ!

ئۆي ئىچىدىن ئانامنىڭ يىغا ئاۋازى ئەمەس، بىر خىل قاتتىق ئاغرىقتىن ۋايىسىغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئاتامنىڭ ئاغرىق ئازابىنىمۇ ئېغىزىدا بايان قىلالمايدىغىنى ماڭا ئايان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھالىنىڭ نىچۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھېس قىلالايتتىم. ئاتامنىڭ يېنىدا

بىر قولى بىلەن بىلىنى تۇتۇپ ياتقان ئانام توختىماي ئىڭرايتتى. ئاتامنىڭ ھالى ئۈنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇپ، ساق قولىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چېغى، ھەر قېتىمقىدەك قولىنى كۆتۈرۈپ، مېنى قارشى ئالالمىغاندى. ئۇلارغا قاراپ بىر نېمە دېيىش ئۈياقتا تۇرسۇن، يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى قاملاشتۇرالمايدىغان ئادەمدەك تۇرۇپلا قالغاندىم. سەردارنىڭ ئانامدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنى قۇلىقىمغا بەزەن كىرىپ، بەزەن كىرمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئاتام نېمە ۋەجىدىندۇر ئۆملەپ سۇپىنىڭ قىرىغا كەلگەن ۋە پەگاغا يىقىلىپ چۈشكەن. ئانام ئۇنى يۆلەش جەريانىدا بىلىنى ئاغرىتىۋالغانىكەن.

ئاۋۋال ئاتامنىڭ ئېڭىكىگە ئېقىپ قالغان شۆلگەيلەرنى سۈرتۈۋېتىپ، ئانامنىڭ بېلىنى يەڭگىل تۇتۇپ كۆردۈم. دوختۇرلۇقتىن قىلچە خەۋىرىم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈم بار ئىدى. ئەمما بەلنىڭ قايرىلغان يېرىگە قولۇم تەگكەندە، ئانامنىڭ ئىڭراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بارلىق ئاماللار بىلەن زورىغا بېسىپ كېلىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى باشقۇرالماي قالغاندىم. ئانام يەنە مەندىن غەيرەتلىك ئىكەن، ئۇ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ماڭا تەسەللى بەرگەندى.

- قىزىم، كۆز يېشى قىلمىغىن! يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتىدىكەن، پېشانەڭلەر ئوچۇق، بەختىڭلار بار ئىكەن.

ئانامنىڭ تەسەللىسى كۆز يېشىمنى توختاتماقتا يوق، پۈتۈن تېنىمنى تىترىتىۋەتكەندى. ئاتام مېنى بىردەم ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن دېگەنمۇ ياكى باشقا بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقانمۇ قانداق؟ كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئىشىك تەرەپكە تىكىلىپ قالغاندى. بەلكىم شەكىلەنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلاۋاتقان، ئاتىلىق مېھرى بىلەن تولغان يۈرىكىنى قوقاس كەبى داغلاۋاتقان بولسا كېرەك! مەن سەردارغا شەكىلەنى بىللە ئېلىپ كەلمىگەنمۇ، دېگەندەك سوئال نەزەرىدە قارىدىم.

- شەكىلە كەلگەن، ماشىنا ئۇقۇشقىلى چىقىپ كەتتى بولغاي، ـ دېدى سەردار بۇ قارىشىمنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندەك.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاتامنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىغاندى. مەن شۇ چاغدا ئاتامنىڭ شەكىلەنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ يەتكەندىم. دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي كۈتتۈم، ئاتامنىڭ ئەرلىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلغاندىم. بۇ ئۈچ ئاي جەريانىدا ئۆيۈمگە قايتالمىدىم،

مەلىكەمنى يۈيۈندۈرۈپمۇ قويالمىدىم. سەردارنى بىر قانچە رەت كۆرگىنىم بىلەن، ئاياللىق ناز-كەرەشمە ۋە مۇھەببەتنىڭ شېرىن دەملىرىنى ئاتا قىلالمىغانىدىم.

ئاشۇ قېتىملىق يىقىلىپ چۈشۈش ئاتامغا ئېغىر تەسىر قىلغانىدى. ئۇ تۈز تۇرۇپمۇ ئۇزاق ئۆتمەي بولغانىدا ئاز-تولا گەپ قىلالايدىغان، مەقسىتىنى ھەجىلەپ تۇرۇپ ئۇقتۇرالايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاتامنىڭ بەل ئاغرىقىمۇ توختاپ، ئاتامنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان ھالغا يەتكەنىدى. باشلىقىمغا يەنە تېلېفون قىلىپ، رۇخسەت ۋاقتىمنى ئۇزارتىشنى ئۆيلىغان بولسامۇ، ئاتامنىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى بۇ نىيىتىمدىن ياندۇرۇپ قويغانىدى.

- قىزىم، بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا قەرزى بار دېيىلسە شۇنچىلىك بولار. ئەمدى ئۆيۈڭگە بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ ئاياللىق مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلغىن! بىز سېنىڭدەك بىر قىز چوڭ قىلغىنىمىزدىن يۈز مەرتە، مىڭ مەرتە رازى.

- توپا ئاشاڭ، ئاتۇن بوسۇن، ئامىن!

ئاتامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئۆيۈمدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىلىقلارغا قاراپ، شەكلەنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەنىدىم. تازىلىق ئۆيىدىكى غەلتە پۇراق يوقالغان، دۆۋىلەكلىك قاچا-قۇچا، قالايمىقان تاشلانغان ئويۇنچۇقلار كۆزگە تاشلانمايتتى. ھەممە نەرسىلەر گۈل-گۈلگە كەلتۈرۈپ تىزىلغان بولۇپ، بەزى سەرەمجانلار ماڭا ناتونۇش ئىدى. ئىشكنى ئۆزۈم ئاچقۇچ بىلەن ئېچىپ كىرمىگەن بولسام، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە خاتا كىرىپ قالغاندەك، ھەۋەس بىلەن باقاركەنمەن.

«ئادەم دۇئا بىلەن كۆكلەيدۇ» دېگەندەك، ئاتام شەكلەگىمۇ دۇئا قىلغان ئوخشايدۇ! ئۇنىڭ سىپايىلىقى ۋە مۇلايىملىقى ئۆز ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. سەردار بىلەن ئىككەيلەننىڭ ئامراقلىقى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ناۋادا بۇ ئۆيگە ناتونۇش ئادەم كىرىپ قالغاندەك بولسا، سەردار ئىككىمىزنى ئەمەس، ئۇلار ئىككىسىنى ئۆي ئىگىسى دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى. سەردار يېڭى توي قىلغان چاغلاردا ماڭا شۇنداق ئامراقلىق ۋە مەستلىك بىلەن قارايتتى. مەيلى ئىشقا ماڭغاندا ياكى ئىشتىن چۈشكەندە بولسۇن، مېنى سۆيىدىغانلىقىنى ئېسىمگە سېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. نېمىشقىكىن ئۇ مېنى شۇنداق سۆيۈپ تۇرۇپ، بىرەر قېتىممۇ گۈل سوۋغا قىلىپ باقمىغانىدى. نېمىشقا گۈل سوۋغا قىلمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

- سىز مېنىڭ نەزىرىمدە ھەرقانداق گۈلدىن ئېسىلسىز، گۈلگە گۈل سوۋغا قىلىشتەك ئەخمەقلىقنى مەن ھەرگىزمۇ قىلمايمەن، ــ دېگەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئويىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىسەممۇ، مېنى گۈل كۆرۈپ، ھۇزۇر ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنەتتىم ھەم ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئېسىل گۈللەردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. سەردارنىڭ قايسى گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىم، مېنىڭ گۈللەرنىڭ ئېسىلى بولۇشتىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىقىم بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ ھېس قىلالايتتى ھەم بۇ ھەقتە ئويلىنىپ يۈرمەيتتى، شۇنداق بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئۇنىڭ قايسى گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سورىمايلا بىلىۋالغانىدىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ مەخپىيەتلىكىنى ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەنىدى.

سەردارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن تويى خاتىرە كۈنىمىز بىر ئىدى. مەن سەردارغا نېمە سوۋغا بېرىشنى قارار قىلىپ بولالماي ئولتۇرغىنىمدا، ئۇ مەن ئويلاپ باقمىغان بىر سوۋغا تەلەپ قىلغانىدى.

- سانىيە، ماڭا پەقەت بىر دەستە گۈل لازىم. ئۆزىڭىز تاللاپ دەستە تىزغان بولسىڭىز!

گۈل دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، گۈلنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردىن ھەيران قالغانىدىم.

ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ھاياتلىقىمىدىكى بىر قېتىملىق سىناقتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ راست ئېيتىۋاتقان ياكى چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدەك، كۆزلىرىگە قاراپ بىر پەس تۇرغان بولسامۇ، يەنە گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقچاق قىلغانىدەك ئەمەس، بەلكى راست سۆزلەۋاتقانىدەك كۈلۈپ تۇراتتى.

- قېنى، قايسى گۈللەرنى مەيلىڭىز تارتىدىكەن، بۇ يەردە مەندىن ئېسىل گۈللەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

سەردارنىڭ ئۆزىنى تاللىتىش ۋە تۇيۇقسىز گۈل سوۋغا ئالغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئەتەي تەنە قىلغانىدىم. ئويلىغىنىمدەك سەردار ئۆزى ئېيتقان تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۆزى يېشىپ بەرگەنىدى.

- ئانامنىڭ گۈلى، ئانام ياخشى كۆرگەن گۈلنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇ بىر دەستە گۈلنى ماڭا ئەمەس، ئانامغا تەييارلاڭ! بۈگۈن ئۇنىڭ مېنى تۇغقان كۈنى!

سەردارنىڭ بۇنداق ئىنچىكە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، ئۇ بىر ئەركەك بولۇپلا قالماي، يەنە ماختانغۇدەك ئېسىل ئوغۇل ئىكەن. گۈللەرگە قاراپ يۈرىكىم هاياجاندىن ياپراق كېتىۋاتاتتى. قەلبىم كۈلگەن، ھۆرمىتىم ئاشقان بۇ يىگىت مېنىڭ، پەقەت ۋە پەقەت مېنىڭ ئېرىم ئىدى.

- ئانام قانداق گۈللەرنى ياخشى كۆرەتتى؟

- ياۋا گۈلنى! بىراق بۇ يەردە ئۇنداق گۈللەر يوق، ئەترگۇل ئالايلى. سېرىقنى ئارىلىشىپ قالمىسۇن، ئانام سېرىق رەڭنى ياقتۇرمايدۇ.

- سېرىق رەڭنى نېمىشقا ياقتۇرمايدۇ؟

- مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ئۆزى شۇنداق دەيدىغان!

- ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ھال رەڭنى كۆرسەم كەيپىم ئۇچىدىغۇ تاڭ!

ئاق ۋە قىزىل رەڭدە چىرايلىق بىر دەستە گۈل تىزىپ چىققاندىم، سەردار رازىمەنلىك بىلەن قولۇمدىن ئېلىپ:

- گۈلنىڭ تىزغان گۈلى باشقىچە بولىدىكەن، ئانامنى بىر خۇش قىلىدىغان بولدىڭىز-دە! ـ دېدى.

- سىزگىمۇ بىر دەستە تىزىپ بېرەيمۇ؟

- ماڭا سىز بولسىڭىزلا كۇپايە، كەچتە شۇ گۈلنىڭ بەرگىدىن ھۇزۇر ئالاي!

- قېلىن!

سەردارنى ئۇرماقچى بولۇپ قولۇمنى كۆتۈرۈشۈمگە، ئۇ مېنىڭدىن چاققان كېلىپ يۈزۈمنى چىمداپ قويۇپ كۈلگىنىچە قېچىپ كەتتى. مەن قوغلاپ يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن كەينىدىن يۈگۈردۈم. سەردار مېنى يېتىشۋالسۇن دېگەندەك، بىردە قەدىمىنى ئاستىلاتسا، بىردە ئورنىدا توختاپ قوياتتى، مەن يېقىن كەلگەندە بولسا، يەنە قەدىمىنى تېزلىتىپ، زادى تۇتقۇزۇق بەرمەيۋاتاتتى. قوغلىشىش ئۆزارغانسېرى تاتلىق چاقچاق، شېرىن كۈلكە دىللارغا يەتكەندى.

شەكلە كەتكەندىن كېيىن، تۇرمۇشۇمنى خىلى بىر چاغلارغىچە ئىزىغا سالالمىغاندىم. سەردارنىڭ كوت-كوت بولۇپ قېلىشى مېنى بەكرەك چارچىتىۋاتاتتى. ئۇ ھېلى «بۇ لوڭقىنى شەكلە بۇ يەرگە قوياتتى» دېسە، ھېلى «بۇ نەرسىنىڭ ئورنى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى» دەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك بەزى نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىغا

قويمىسام، «شەكىلدەك دىتىڭىز يوقكەن، چوك شەھەرلەرنى كۆرگەنلەرنىڭ ئويمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەن» دەپ غۇدۇرايتتى. مېنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىم ياكى باشقىچە ئويلىشىم بىلەن ھېسابلاشمايتتى. مەيلى مەن نېمىلا قىلاي، ئۇ بىر نەرسە دېمەي قانائەت ھاسىل قىلمايتتى. ئەرلەرنىڭ ئۆي ئىشىغا ئارىلىشۋېلىشىنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، سەردارغا ئامال قىلالمايۋاتاتتىم. ئۆيلەرنى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ سەرەمجانلاشتۇرسام، ئۆزۈم بىر خىل بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ھەر ئادەمنىڭ گۈزەللىك قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، سەردار ئۆچۈنھەممىگە چىداشقا، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىۋاتاتتى.

- بۇ رەسىمنى قەيەرگە قويىمەن؟

تويلۇق ئۆچۈن چۈشكەن رەسىمنى ياتاق ئۆيدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، سەردارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغانىدىم. بىر رەسىمگە، بىر ماڭا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىسقا دەقىقىلىق سۈكۈتكە پاتقانىدى. مەن ئۇنىڭ يولىۋورۇق بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەردەك تېخىچە ئۆرە تۇراتتىم. سەردار مېنىڭ بۇ تۇرقۇمدىن بىرئاز ئېھتىيات قىلدىمۇ ياكى ئۆزىمۇ قايتا ئويلىنىپ قالدىمۇ، ناھايىتى پەس ئاۋازدا جاۋاب بەرگەنىدى.

- بۇ رەسىم يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇرسا بولغۇدەك!

- ياتاق ئۆي مۇزېيخانىغا ئوخشاپ قالغۇدەك بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئالماشتۇرۇۋېتەيلى!

سەردار تەنە قىلغىنىمنى چۈشىنەتتى. ئۇ يېڭىغا ئالماشتۇرغان ياكى بىر يولىلا باشقىلارغا بېرىۋەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تاللىغان، ياقتۇرۇپ سېتىۋالغان نەرسىلەر بولغاچقا، رازىلىقىمنى ئالمايلا يوق قىلىۋەتكىنىگە ئاچچىقىم بار ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا باھانە كۆرسىتىپ، «ھەممىسى مودىدىن قالغان، ئاسارئەتىقىگە ئايلىنىپ قالاي دېگەن نەرسىلەر ئىكەن. ئۆيىمىزنى مۇزېيخانىدىن زامانىۋى تۇسكە باي سارايغا ئۆزگەرتىپ قويغۇنۇم گۇناھ ئەمەستۇ؟» دېگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىمدە ئىدى.

سەردارنىڭ ئارتۇق گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئىچىدە ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاچچىقنى يەڭمەكتىن، ئېغىزنى مەھكەم يۇمۇپ تۇرماقتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. ئۇ شۇ دەقىقىدە يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟ يېڭىلىقىقا ئىنتىلىشىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا يولى بولىدۇ ئەلۋەتتە! بۇ ئۆي يالغۇز ئۇنىڭلا ياشايدىغان ۋە ھۇزۇر ئالىدىغان شەخسىي ئارامگاھى ئەمەس، بەلكى مېنىڭمۇ ھەققىم ۋە ھوقۇقۇم بارلىقىنى ئويلىشىشى كېرەك! مەن بۇ

ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ھوقۇق كۈرىشى قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەرلەر بىلەن تەك تۇرۇشنىڭ بىر مۇلايىم، چېچەن ئايال ئۇچۇن ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويۇشنىلا ئويلاشقانىدىم خالاس!

توي رەسمى ئۆز ئورنىغا ئېسىلغان بىلەن سەردارنىڭ كۆڭلى ئۆز ئورنىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كەچلىك بازارغا قاترايدىغان كۈنى بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. قەيەرلەردىنىدۇ دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا ئۈيىمىزنىڭ دەرىجىسى توشمىغىنىغا ھەيران بولمايتتىم. سەردارنىڭ ئۆزى قايتا سەرەمجانلاشتۇرغان ئۈينىڭ كەچلىك بازارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ئۇ بەك كەچ قايتاتتى، قولىدا بۇرۇنقىدەك يالتىراق خالتا بولمايتتى.

ياتاق ئۈيگە كىرىشى مەنئى قىلىنغانىدەك، مېھمانخانىدىكى سافادا ياكى قىزىمنىڭ ياتاق ئۈيىدە تاڭ ئاتقۇزاتتى. بەزەن غەرق مەست قايتقاندا، ئۇنىڭ ئۇچۇن تەييارلانغان ھەسەل سۈيى شىرە ئۈستىدە سوۋۇپ قالاتتىكى، قولىغا ئېلىپ قويمايتتى. مېنى قۇچاقلىغۇسى بولمىسمۇ، ئەقلى كېسىلگەن جىسمى بىلەن ماڭا تاشلىنىپ قوياتتى.

ئاتامنىڭ سۆزلەرنى دانە-دانە ئېيتىپ، پۈتنى سۆرەپ بولسىمۇ ماڭالىغۇدەك بولۇپ قالغىنى بىلەن سەردارنىڭ شەكلەنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى ئويلاپ قېلىۋاتقىنىنىڭ نېمە باغلىنىشى بارلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتىم. سەردار ھە دېگەندە:

- ئاتىمىز ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇدەك بولۇپ قالغىلى نىكەم، شەكلەنى يەنە قاچانغىچە ئۇ ئۆيگە باغلاپ تۇرۇشنى ئويلاۋاتىسەن؟-دەپ سورايتتى.

دەسلەپتە ئۇنىڭ مېنى بىردىنلا سەنلەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتاشنى كىملەردىن ئۆگەنگىنىنى، ئۆز تاللىشىغا يات ھالدا نېمىشقا بۇنداق ئاتاشنى لايىق تاپقىنىنى بىلمىدىم. قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭدىن مېنى «سەن» دەپ ئاتاشنى ئۆتۈنگەنىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ئۆزى

بۇ پىكىرىمگە قارشى چىققان ھەم «سىزنى ھۆرمەت قىلمىغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېگەنىدى. ئەجەبا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئۇ مېنى راستتىنلا ھۆرمەت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئايالنى ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇنىڭ ئەخلاق مىزانىغا، ئادىمىيلىك ئۆلچىمىگە توغرا كەلمەيتتىغۇ!

- شـەكىلەنى تـالالىق قىلـدىغان گەپنـى دەمسـىز يـاكى بـۇ يەرگە كېلىـپ قىزىمىزغـا قارىسۇن دېمەكچىمۇسىز!

- ياتلىق قىلىدىغانغا تېخى بۇرۇن، يەنە ئوقۇۋسۇنمىكىن دەۋاتىمەن.

- يەنە ئوقۇتۇشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ، ئاتامنىڭ كۆنى تېخى شۇنداق تۇرسا!

- مەن ئوقۇتۇشنى ئويلىغان ئىكەنمەن، ئوقۇش پۇلىنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

سـەردارنىڭ مەردلىكىنـى، پۇلنىـڭ كـۆزىگە قـاراپ كەتمەيـدىغانلىقىنى بىلەتـتىم. ھېلىمـۇ ئۇنىـڭ بىزنىـڭ ئـائىلە ئۇچـۇن قىلغانلىرىغـا كـۆز يـۇمغىلى بولمـايتتى. ئىككـى چـوڭ ئۆيىنىـڭ خىراجىتـى يـالغۇز سـەردارنىڭ زىممىسـىدە بولـۇپ، ئەڭ قىسـىلغان چـاغلاردىمۇ زارلانمايتتى.

- ئاتامنىـڭ شـۇنداق ئويىنىـڭ بـارلىقىنى سېزىـپ قالـدىم. ئـۇ شـەكىلەنى بەك ياخشـى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟

سـەردار ئاتـامنى تىلغـا ئـېلىش ئـارقىلىق مېنـى قايىـل قىلىشـنى ئويلاۋاتـاتتى. كۆڭلۈمـدىكىنى ئېيتسـام شـەكىلەنىڭ يـۇقىرىلاپ ئوقۇشـىنى يـالغۇز ئاتـاملا ئەمەس، مەنمـۇ شـۇنداق خـالايتتىم. ئەمـا، ھـازىرقى ئەھـۋالىمىزدا ئـۇنى ئوقۇتۇشـقا ئامالسـىز ئىـدۇق، سـەردارنى يەنە قىيناشنى ئەسلا خالىمايتتۇق.

- ئاشـۇنداق ئويلىغىنىڭىزغـا تەشـەككۈر! يەنە بىـر قـانچە يىلـدىن كېيىـن بىـر گەپ بولار، ھازىر بەك قىينىلىپ قالغۇدەكمىز.

بۇمـۇ كۆڭلۈمـدىكى سـۆزلەر ئىـدى. سـەردار ئىككىمىـز مائاشـىمىزغا تايىنىـپ، ھەممـە قىينچىلىقنـى ئۈسـتىمىزگە ئېلىـپ كېتەلمەيتتـۇق. بەلكـىم، بىـر قـانچە يىـل بەرداشـلىق بەرسـەك شـەكىلەنى ئوقۇتـۇپ كېتەرمىـز، ئەمـا سـەردارنىڭ يەنە قاچىـانغىچە بىـرەر قـۇر قىممەت باھـالىق كىـيىم كىـيمەي يۈرۈشـىگە قـاراپ تـۇرىمەن. يـاق، يـاق، قايسـى يـۈزۈم، قايسـى تىلىم بىلەن سەردارغا ماقۇللۇق بېرەلەيمەن!

- مەن تېخـى شـەكىل-ەگە ۋەدە بېرىـپ بولغـانىكەنمەن، يەنە بىـر-ئىككـى يىـل غەيرەت قىلساقلا بولاتتىغۇ!

سـەردار ئاسـانلىقچە بولـدى قىلمايدىغانـدەك، بـۇ قارارىـدىن ئالـدىراپ يانمايدىغانـدەك جـاھىللىق قىلىۋاتـاتتى. مەن ئۇنىـڭ بەزى قـارارلىرىنى ئۆزگەرتىشـكە ئامالسـىز بولسـامۇ، ئـۆزۈمگە چېتىلـدىغان قارارلىرىغـا بىـر نەرسـە دېيىش ھوقۇقـۇم بـار ئىـدى. شـۇڭا، مەن ئۇنىـڭ جاھىللىق بىلەن شەكىلەنى ئوقۇتۇش ھەققىدىكى قارارىغا رازىلىق بېرەلمەيتتىم.

ئاتـام هـازىر ئـۆزى ئوقۇتۇشـى ئەمەس، كـۆزى ئوچـۇق ۋاقتـىدا پەرزىنـى ئـادا قىلىشىنى بەكرەك ئويلايدۇ.

- پەرز ئـادا قىلىـمەن دېـگەن بىـلەن، بىـر ئائىلىنىـڭ غېمىنـى نارەسـىدە قىزنىـڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويسا بولمايدۇ-دە! ئۇ شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىشىپ كەتمەسما؟

سـەردار يەنە قارشـىلىق بىلـدۈرۋاتاتتى. مېنـى قايىـل قىلـىش ئۈچـۈن بـارلىق قاراشـلىرىنى ئوتتۇرىغـا قويۇۋاتـاتتى. ئۇنـىڭ كـۆڭلىگە مېنـى قايىـل قىلىسـىلا، ئاتـامنى قايىـل قىلىشـنىڭ ئـورنى يوقلـۇقى بەك ئايـان ئـىدى. مەنمـۇ سـەردارنىڭ جاھىللىقىغـا جـاھىللىق بىـلەن قارشـى تۇرۇۋاتـاتتىم. شـەكىلەنىڭ بـۇ سـەۋەبلىك مېنـى يامـان كـۆرۈپ قېلىشـى يـاكى كۆڭلىنىـڭ بىـر يەرلىرىـدە غـۇم ساقلىشـى بىـلەن ھېسابلاشـمايتتىم. سـەردار ماڭـا يەنە نۇرغـۇن دەرس سـۆزلىگەن بولسـىمۇ، كاللامـدا پەقەت ھـازىر ۋاقتـى ئەمەس، دېـگەن بىـر ئۇقـۇم ھۆكـۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

- ئاتامغا ئۆزۈم ئېيتاي، شەكىلەنى بۇنچە كىچىك ياتلىق قىلىۋەتسەك بولمايدۇ.

- ئۇ كىچىك ئەمەس، ئانام ئۇنىڭ يېشىدا مېنى يەڭگىپ بولغانىكەن.

- قەيىرىڭ ئوقۇغان ئادەمگە ئوخشايدۇ سېنىڭ! بۇ ئانامنىڭ زامانى ئەمەس!

- مەيلى قايسى زامان بولسۇن، هازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس!

تـالاش-تـارتىش، جـاھىللىق ھـېچ تۈگەيدىغانـدەك قىلمـايتتى. سـەردار كۆڭلىـدە مېنىـڭ جـاھىللىقىمنى «ئـۇ شـۇنداق قارشـىلىق قىلـىش ئـارقىلىق، مېنىـڭ ۋەدەمنـى تېخمـۇ چىڭغـا چىقارماقچى» دەپ خاتا ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

- مېنـى ۋەدىسـىدىن يېنىۋالامـدىكىن، كېيىـنچە دوق قىلىـپ يۈرەمـدىكىن دەپ ئـويلاپ قالما، مەن بۇ قارارنى ئۆزۈمنى دەڭسەپ چىقىرىۋاتىمەن.

- بـۇلارنى بىلگـۈچىلىكىم يـوق ئەمەس، ماڭـا بـۇ قېـتىم يـول قويـۇڭ، مېنىڭمـۇ ئويلىغانلىرىم بار.

- سـەن شـۇ ئاتاڭنىـڭ كـۆڭلى ئۈچـۈن، پەرزنـى ئـادا قىلىشـتىن باشقىنى ئويلىمـىدىڭغۇ دەيمەن.

سـەردارغا جـاۋاب بېـرەلمەيتتىم. چـۈنكى، مەن ئـۇ ئېيتقـان ھەقىقەتنىمـۇ ئويلىمـاي تۇرمىغانـدىم. تېخـى يېقىنـدىلا ئانامنىـڭ ئېيتقـان سـۆزلىرى ئېسـىمدىن كەچكەنـدە، ئۆزۈمنىـڭ سـەردارغا بىكـاردىن قارشـى تۇرماۋاتقـانلىقىمنى بىلەتـتىم. ئانـام: «قىـزىم، سىڭلىڭمۇ يېشىغا يېتىـپ قالـدى. ئـۆزگىگە چالما ئاتىـدىغانلار بـارمۇ-يـوق بىلمىـدىم. ھەر

ئېشىنىڭ ۋاقتى-سائىتى ياخشى، ئاتاڭنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا پەرزىمىزنى ئادا قىلىۋالغان بولساق، كۆزىمىز خاتىرجەم يۇمۇلغان بولاتتى» دېگەندى. ئاتام بىلەن ئانامنىڭ ئۆيى شۇنداق تۇرسا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن. سەردارنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلسام، ئاتامنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى يەردە قويسام، شەرىئەتكە، پەرزەنتلىك ئەقىدەمگە توغرا كېلەمدۇ؟ سەردارنىڭ قارارىنى يوققا چىقارسامچۇ؟ ئەمما بۇ ئىككىدىن چوقۇم بىرنى تاللاش كېرەك! چۈنكى، بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش مەۋقەدە تۇرۇپ، ئوخشاش رازى قىلغىلى بولمايدىغىنى ماڭا ئايان.

- سېنىڭ جاھىللىقىڭ شەكىلەنىڭ بەختىگە ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ تاللىشى ۋە ئارزۇسىنى يەر قىلىدۇ.

سەردار شۇنداق دېگەنچە مەن بىلەن قايتا مۇنازىرىلىشىپ كەتمىگەن، بۇ ھەقتە قايتا چىشىمۇ يارمىغانىدى. ئۇنىڭ مېنى قايىل قىلىشىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشەنگىنىدىن ھەم سۆيۈندۇم، ھەم ئەپسۇسلاندىم. شۇ دەمدە مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپ ھالدا، ئاتامنىڭ ئىرادىسىنى ئويلاشقانىدىم. ئەمما، ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەت ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، شەكىلە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر سوغۇق تام پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ھالا شۇ كۈندىن كېيىن، شەكىلەنىڭ ماڭا كۈلۈپ قارىغىنىنى، بىرەر ئىشتا ئەركىلەپ تۇرۇپ كۆڭلىنى ئىپادىلىگىنىنى كۆرمىگەنىدىم.

شەكىلە كېلىپ كېتەتتى، ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمىغىنى بىلەن يېزىنىسى ئىككىسى يوشۇرۇن پىچىرلىشاتتى، كەچلىك بازارغا بىللە چىقىشاتتى. گەپلىرى تۈگىمەيۋاتقاندەك ۋاقىتنى يېرىم كېچىگە تارتىپ قايتىشاتتى. تېخى مېنىڭ كۆزۈمدە، سەردار ئۇنى ھاپاش قىلىپ يۈدۈپمۇ قوياتتى. ئۆز قىزىنى بىرەر قېتىم مۇرىسىگە ئېلىپ باقمىغان، «تۆگە بوتىلاق» ئويۇنى ئويناپ باقمىغان ئاتا قېيىنسىڭلىسىنى ھاپاش قىلىپ يۈرسە، كىمنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنمىسۇن! ئەمما مەن قورقاتتىم، ھۆكۈمۈمنىڭ خاتا بولۇپ قېلىپ، ئىمانىمغا شەك چۈشۈپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتىم. باشلىرىمنى چايقاپ كۆڭلۈمدىن كېچىۋاتقان غەلىتە خىياللارنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم ياكى بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولۇۋالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا سەردار ماڭا چۈشەنچە بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەيتتى. مېنىڭ سورايدىغان سوئاللىرىم شاخلاپ كەتكەندە بولسا، خىيالىدا ھېچ ئىش يوقتەك: «سىڭلىسىنى سېغىنىپ كۆرگىلى كەپتۇ. بىر مەزگىل

قارىغاچقىمىكىن، ئىچى چۈشۈپ قالغان چىغى» دەپلا گەپنى تۈگىتەتتى.

مەن ھال رەڭگە ئۈچ، قېيىنئانام ياقتۇرمايدىغان سېرىق رەڭگىمۇ ئۈچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ رايىم بويىچە ھال رەڭنى ياقتۇرمايدىغان، سېرىق رەڭنى ئۈچ كۆرىدىغان سەردار ھازىر ھەر ئىككى رەڭنى ئۈچ كۆرمەيدىغان، بەلكى شۇ رەڭلەرنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ رەڭلەرنى بىردىنلا ياقتۇرۇپ قالغىنى، شۇ رەڭلىك كۆڭلەك بىلەن ئاياغ سېتىۋالغىنى مېنى راستتىنلا ئەجەبلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن بىر قانچە قېتىم سوراپ بېقىشنى ئويلىغان بولسامۇ، كۆڭلۈم ئازار يېگۈدەك جاۋابقا ئېرىشىپ قېلىشتىن خاۋاتىرلىنىۋاتاتتىم.

خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا سەردارنىڭ كىيىنىشىگە دىققەت قىلىپ كەتمىگىنىم راست، ئەتىگەندە ناشتىلىق تەييارلاش بىلەن بالىنى يەسلىگە ئېلىپ بېرىشتىن باشقىغا ئېشىنالمايۋاتقىنىم ئۈچۈنمۇ ئۇ مېنىڭدىن ئاغرىنمىسا، ئۆز خاھىشىنى ئۆزگەرتىپ يۈرمىسە بولاتتى. رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىك ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى بولسىمۇ، سەرداردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتىم. كۆڭلۈمنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ پات-پات ئەتىر پۇرىقىنى بىللە ئېلىپ يۈرگىنى ئىدى. ياۋا گۈلدەك يۇرۇشۇمنى ئارزۇلايدىغان سەردار ئۆزى ئەمەس، مېنىڭمۇ بەك پۇراقلىق ئەتىر ئىشلىتىشىمگە ئۇنىمايتتى.

- گۈللەرنىڭ پۇرىقىنى ئەتىر بىلەن باسقىلى بولامدۇ؟ ياۋا گۈلدەك تەبىئىي، ئەسلىي مىجەز ئاياللار ئەرلەرنىڭ بەختى! مەن سىزنىڭ پارنىكتا ئۆسكەن باراقسان گۈل ئەمەس، كەڭ دالىدا كۆكلىگەن يېگانە گۈل بولۇشىڭىزنى خالايمەن.

ئەجەبا، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى ئالداش ئۈچۈن ئېيتىلغانمىدۇ؟ ھال رەڭ كۆڭلىكىدىن كېلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى ئۇنى مەست قىلىپ، كىملەرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاۋاتقاندۇ؟ ئاشۇ نازىنىنلارنىڭ مېنىڭدىن ئارتۇقچىلىقى بار دېيىلسە، سەردارنىڭ مەپتۇن بولۇپ قېلىشىغا ئۆزۈم سەۋەبكار بولغاندىمەنمۇ؟ ... كەينى-كەينىدىن تۇغۇلۇۋاتقان سوئاللار جاۋابسىز قېلىۋاتاتتى. ئۆزۈمنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىم، باشقىلاردىن جاۋاب ئىزدىمەيدىغىنىم ئۈچۈن قايغۇرۇشقا ھەقلىق بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

سەردارنىڭ كۆزۈمگە سىغمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقىنىغا ئەقلىم يەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن زوكۇنلىششىتىنمۇ، ھەتتا بىردەم ئولتۇرۇپ مۇڭدىششىتىنمۇ رايىم يېنىپ

كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمدىكى بۇ نورماللىسىزلىقنى ھېس قىلىپ يەتكىنىم بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ھال ۋە سېرىق رەڭلەرنى ياقتۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا، كۆڭۈلسىز بولۇشۇم مۇمكىن ئەم-ەس ئىدى. بەل-كىم ئ-ۆزۈمنىڭ پىسخىكىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەن، گۇمانخورلۇق تۇيغۇ زىيادە سەزگۈرلۈككە ئىشىك ئېچىپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن قېيىداپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى ھېچ نېمە بىلمەيدىغان قاتارغا چىقىرىۋەتسەم بولمايتتى، ئۆز بەختى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىمايدىغان ئادەم بولۇشنى خالىمايتتىم.

قەددىمنى رۇسلاشنى، بەختىمنى داۋاملىق قوغلىششىنى، سەردارنى مەپتۇن قىلىۋالغان رەڭلەرنىڭ سىرىنى ئېچىشنى نىيەت قىلدىم، بارلىق ئەسلىملەر قوينىغا قايتىپ كېلىپ، مەسىلىنىڭ زادى قەيەردە يۈز بەرگىنىنى ئىزدەيتتىم. ھەر بىر كىچىك ھالقىلارنىمۇ نەزەرىمدىن ساقىت قىلىشقا، تەھلىل يۈرگۈزمەي ئۆتۈپ كېتىشكە يول قويالمايتتىم. ئەسلىمە بىلەن بولۇپ كېتىپ، سەرداردىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈش ۋە قىزغىنلىقنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلغانىدىم. سەردارنىڭ كۆزىگە سىغماسلىقىم ۋە قوبۇل قىلماسلىقى بىلەن كارىم بولمىسا يەنە بولمايتتى. ياۋا گۈل ھىدىغا، ئۇ تەلپۈنۈۋاتقان گۈللەر ھىدىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەلمەيدىغان، بىلىشكە قىزىقىدىغان يەنە بىر خىل يېڭى پۇراق پەيدا قىلىشنى ئويلايتتىم.

- بۇ ھەپتە خانىمىڭىز بىلەن ساياھەت قىلىپ كېلىشنى خالامسىزكىن؟

تەرەپپىال سورالغان بۇ سوئالغا ئۇنىڭ خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان ھەم ئىدىيە جەھەتتە تەييارلانغانىدىم. مەيلى نېمە دېسۇن، مەن ئۇنى بۇ قېتىم ئۆز خاھىشىمغا كۆندۈرمىسەم بولمايتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن ئېلىۋاتقان يېڭى بىر قەدەم ئىدى.

- قىشتىمۇ ساياھەت قىلامدۇ؟ ئەخمەقنىڭ خىيالىغۇ بۇ!

- ئادەم بەزىدە شۇنداق ئەخمەق بولۇپ قالىدىكەن، سىزنىڭ شۇ ئەخمەقكە ھەمراھ بولغۇڭىز، بىرەر قېتىم ئەخمىقانە ئىش قىلغۇڭىز يوقمۇ؟

سەردار سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. قارىغاندا مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمىم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن شۇنىڭلىق بىلەن ھۇجۇمنى توختىتىپ قويسام، كۆزلىگەن نىشانىمغا يېتەلمەيلا قالماي، ئويلىمىغان يەردىن مەغلۇپ بولۇپ، قايتا پىلان تۈزۈشكە مەجبۇرلىناتتىم.

- مۈھەببەتلەشكەن چاغلاردىكى ئاشۇ ئەخمەق بولغان ۋاقتىڭىزدەك، بىر قېتىم ئەخمەق بولۇپ بېقىڭا!

- يەنە ئەخمەق بولىمەنما؟ چۈش كۆرۈۋاتقان بولساڭ ئۇ باشقا گەپ.

- چۈش كۆرگەن بولسام، ھەممە ئۆز ئەسلىگە قايتىپ، قەلب تارلىرىم ئەلەم زەخمىكىدە چېكىلمىگەن بولاتتى. مەن شۇ چۈشتەك رېئاللىققا قايتىشنى ئويلاۋاتىمەن.

- نېمانداق غەلىتە گەپلەرگە ئۇستا بولۇپ كەتتىڭ، قىزىماۋاتقانسەن؟

- مەن قاچان سوۋۇپ باققان؟ يۈرىكىمنىڭ ئاتەش بولۇپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، بارلىقىمنىڭ بەختىم ئۈچۈن بەدەل قىلىنغىنىنى تەڭرىم بىلىدۇ.

سەردار بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمچەيتتى-يۇ، ئېيتالماستىن ئىچىگە يۇتۇۋەتكەندەك. مەن ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغىنىنى شۇنداق بىلىشنى خالايتتىم.

- سىز مېنى يەنىلا سۆيەمسىز؟

- غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىسەن دېسەم ئىشەنمەيسەن، ئەمدىلىكتە بۇ سوئالنى سوراشتىن ئۇيالمامسەن؟

- ئۇيالمايمەن، مەن بۇ سوئالنى بىر ئۆمۈر سوراشقا ھەقلىق.

سەردار كۆزلىرىمدىكى قەتئىيلىكنى كۆرۈپ تۇراتتى. مەن ئۇ جاۋاب بەرمىگۈچە سوراشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىپ بولغاندەك، سەردارنىڭ كۆزلىرىگە قادالغاندىم.

- مەن سېنى...

- يەنىلا سۆيىسىز، شۇنداقمۇ؟

- ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە سوراشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

ئۆزۈمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئېلىشىمنى توسۇپ قويغان، ئۇ بۇ سوئالدىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتكەندى.

- مېنى بىر يەرلەرگە ئاپارسىڭىزكەن، يۈرىكىم بەك سىقىلىپ كەتتى.

سەردار جاۋاب بەرمىدى، چىرايىدىنمۇ ھېچقانداق بىر ئىپادىنى كۆرەلمىگەندىم. قايتا-قايتا ئۆتۈنۈشۈمنىڭ ھاجىتى بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم، پەقەت سەردارنىڭ قىشنىڭ ئاق قارلىرىدەك ئاقلىقىنى نامايان قىلىشنى كۈتمەكتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. بۇ كۈتۈشنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، بەك ئۇزاققا سوزۇلماسلىقىنى تىلەۋاتاتتىم.

بۇ ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سەردارنىڭ ئېنىق جاۋاب بەرمىگىنى بىر چۈشكە ئوخشاش، مېنىڭ سايامەتكە چىقىش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ئارزۇيۇممۇ كۆپۈككە ئايلانغاندى. سەردارنىڭ بۈنچە بىپەرۋا بولۇپ كەتكىنى ماڭا يەنە يېڭى-يېڭى سوئاللارنى قوياتتى. ھەر قەدەمدە ئويلايتتىم، ھەر دەقىقىدە جاۋاب ئىزدەيتتىم. قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ، يالغاندىن ئۆيقۇغا غەرق بولغاندەك قىلغان بىلەن، پۈتۈن خىيالىمدا ئاشۇ رەڭلەرنىڭ يوشۇرۇن سىرى بار ئىدى.

- قاچاندىن بېرى سىرىق رەڭنى خالايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

- مەن سىرىق رەڭگە ئەسلىدىنلا ئۆچ ئەمەس ئىدىم، پەقەت ئانامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا شۇنداق قاراشتا بولغانمەن.

- شۇنداقمۇ؟ ئەجەب باشقىلارنىڭ رەڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىكەنسىز-ھە!

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن كىمنىڭ دېگىنى بويىچە رەڭلەرگە باھا بېرىپ يۈرگۈدەكمەن. خاتا ئاڭلىۋالمىغانسەن!

- بەلكىم خاتا ئاڭلىغاندىمەن، ئۆزۈمنىڭ قارىشىمنى زورىغا تاڭغاندىمەن.

- نەدە بىر ئىشلارغا نېمانچە ئىنچىكىلەپ كېتىسەن؟ بۇ سېنىڭ مىجەزىڭ ئەمەس جۇمۇ!

- ئۆزۈمنىڭ قانداق مىجەزلىكىنى بىلگەن بولسام ياخشى بولاتتى، بۇنداق ئاچچىق يۈتۈپ يۈرمەس ئىدىم.

- باشقىلارنىڭ ئىشىنى دەۋاتامسەن؟

- مەن قاچان باشقىلارنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ باققان؟

- سەزگۈرلۈكۈڭ ئېشىپ كەتمەيۋاتقاندۇ؟

- كۈچلۈك ئەتىر پۇراقلىرى شۇنداق قىلىپ قويۇۋاتامدۇ بىلمىدىم.

سەردار سۆھبەت ئاساسىي تېمىغا يېقىنلاشقاندا، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ماھىر كېلىۋاتاتتى.

- ئاتام نېمە دەيدۇ؟

- شەكلەنىڭ ئىشىنى نەزەردە تۇتۇۋاتامسىز؟

- ئەلۋەتتە!

- تېخى بىر قارارغا كەلمىگەن چېغى، جىمجىتلا!

- ئۇنى ۋاقتىدا ئوقۇتىدىغان گەپ ئىدى.

- مېنىڭ ئۇنى تېزرەك ياتلىق قىلغۇدەكتۇم بار، شۇندىلا مەن خاتىرجەم بولىمەن.

- تېخى ۋاقتى بولمىسا؟ ئۇۋالچىلىقتا قوياي دەيسەنغۇ!

- ئۇۋالچىلىقتا قالىدىغىنى ئۇ ئەمەس، مەن بولۇپ قالارمەن ئاخىر!

سەردار دارىتما سۆزلىرىمنى چۈشەنمەيدىغان دۆتلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ سۆھبەتتىنمۇ ئەگەپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايتتى. مېنىڭ سۆھبەتنى بۇنداقلا ئاخىرلاشتۇرۇش ئويۇم بولمىغاچقا، ئۇنى قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتىم.

- ئۇنىڭ ئۆزى توي قىلىشقا رازىلىق بېرىپتۇ، شۇڭا مەنمۇ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەيلى دەۋاتىمەن.

- ئىشەنمەيمەن، شەكلە ئالدىراپ ماقۇللۇق بەرمەيدۇ.

- ئۇ سىزگە شۇنداق دېگەنمۇ؟

- بۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشى.

- سىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئەمەستۇرسىز؟ بۇ قېتىم خاتالاشقىنىڭىزغا تەن بېرىڭ!

- تەن بەرگۈم يوق، مەن ئۇنىڭ ماقۇللۇق بەرگىنىگە راستىنلا ئىشەنمەيمەن.

- سىز ۋەدە بەرمىگەن بولسىڭىزلا، ئۇنىڭ رازىلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق!

- مەن ۋەدە بەرگەن.

ئېرىمنىڭ سىڭلىمغا ۋەدە بەرگىنىنى ئاڭلاپ، بېشىمدىن كىرگەن بىر سوغۇق ئېقىم تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. سەردارنىڭ شەكلەگە نېمە ھەققىدە ۋەدە بەرگىنىنى بىلمىسەممۇ، بۇ سوئالنى سوراشتىن يالتىيىۋاتاتتىم. تەلىيىمگە مەلىكەمنىڭ يىغا ئاۋازى ماڭا ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىش پۇرسىتى بەرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدە كېچىنى تاڭغا ئۇلىغىچە ئەقلىمگە سىغمايدىغان خىياللارنىڭ قۇلى بولۇپ قالغاندىم.

كارىۋات كىرلىكىنىڭ يېڭىلىنىپ قالغىنىغا قاراپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتاتتىم. يەنە كېلىپ، بۇ تۈنجى قېتىملىقى ئەمەس، ھەر قېتىم چوڭ ئۆيگە كەتكىنىمدە كارىۋات كىرلىكىنىڭ ئالمىشىپ قالىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيۋاتاتتى. مېنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىم بەكمۇ كونا كىرلىك ھېسابلانمىسىمۇ، سەردارنىڭ بۇ قىلىقى مېنى ئەجەبلەندۈرەتتى. كونا كىرلىكنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە بىر قۇر قاراپ چىققان بولساممۇ، ئۇنىڭ بۇ

كىرلىكنى قەيەرگە قويۇپ قويغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم. بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ھېدى كېلىپ تۇرىدىغان، سەردارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتالمىغان شۇ كىرلىكنى ئەخلەت ساندۇقى يوشۇرۇۋالغاندۇ! يېڭى كىرلىكنى يىغىپ ئېلىپ، يەنە كونا كىرلىكنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم. يۈرىكىم نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان يېڭى كىرلىك ئۈستىدە يېتىشمىغا يول قويمايدىغاندەك قىلاتتى. كەچتە سەردار كىرلىكنى نىمىشقا ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكىمنى سوراپ يۈرمىگەنىدى. توغرىسىنى دېگەندە، ئۇ بۇ ئىشلارغا دىققەت-ئېتىبارىنى بەرمىگەنىدى.

ئاتامنىڭ ئۆيىدە شەكلەنى كۆرمەيتتىم، ئۇ مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك، ھەر قېتىم دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن تەڭ يوق بولۇپ، مەن بىلەن تەڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتىم. ئۇنى ئوقۇشتىن توسۇپ قويغىنىم ئۈچۈنلا، شۇنداق قورساق ئۆرۈشى قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان بولغاچقا، مەنمۇ بەك ئەزۋەيلەپ كەتمەيتتىم. ئۇ ئەزەلدىنلا بۇ ئۆيدە مەۋجۇت ئەمەستەك، ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ بولۇپ، كىرلىك ئالمىشىپ قالىدىغان ئۆيۈمگە قايتاتتىم. ئەقلىمگە سىغمايدىغان گۇمانلاردىن خالىي بولالماي، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك دەرىجىگە يەتسەمۇ، قۇش ئۇۋىسىنى قوغدىغاندەك، ئائىلەمنى قوغداش ئۈچۈن بار تىرىشچانلىقىمنى كۆرستىپ كېلىۋاتاتتىم.

ياتاق ئۆيۈمدە دائىم ئالمىشىپ تۇرىدىغان كىرلىك ئىككى خىل رەڭدە-مەن ئۈچ ھال رەڭ بىلەن سېرىق رەڭدە ئىدى. دەسلەپتە سەردار مەن بىلەن قېرىشىۋاتقان، ئۆز ئىرادىسىنى زورلاپ تېڭىش ئارقىلىق مېنى بويسۇندۇرماقچى بولىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ مۆلچەر قىلغانىدىم. ئۆزۈممۇ شۇنداق بولۇشىنى، كىرلىك كەينىگە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان سىر يوشۇرۇنماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتىم. پاختا ئىچىدە چوغنى ساقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي! مەن ئۈچ رەڭلەر ئەسلىدە مەن ياخشى كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ھەم قەدىرلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قەسەم بەلگىسى ئىكەن ئەمەسمۇ!

سەردار بىلەن يەنە جېدەللىشىپ قىلىشنى خالىمايتتىم. كىرلىك توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىغىنىم ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئېتىراپ قىلغىنىمدىن دېرەك بەرمەيتتى. يوتقان ئىشكاپىنىڭ ھال رەڭ كىرلىكلەر بىلەن توشۇپ كەتكىنىنى، سەردارنىڭ بارلىق كۆڭلەكلىرىنى سېرىق رەڭگە ئالماشتۇرۇپ بولغىنىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قوبۇل قىلالمايۋاتاتتىم. خىيالىمدا ئۆزۈم ئۈچ بارلىق رەڭلەرگە ئوت قويۇۋېتىشنى، تۇرمۇشۇمدىن

بىراقلا يوق قىلىۋېتىشنى ئويلايتتىم. ئەمما، بىر ئوت بىلەن ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈۋېلىشتىن، ھەممىنى خانىۋەيران قىلىشتىن قورقاتتىم. شۇنداق، مەن قورقاتتىم، بارلىقىمنىڭ ئۆز قولۇمدا يوق بولۇشىدىن، ئۆزۈمنىڭ باشقىلاردەك بولالماسلىقىمدىن قورقاتتىم.

قىشنىڭ سوغۇقى تۈگەپ پۈتۈن تەبىئەت ئىللىشقا باشلىغاندا، يۈرىكىمدە قايتىدىن چوغلىنىشقا باشلىغان گۇمانلىرىم رېئاللىق بولۇپ چىققانىدى. نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىدىن ھاياتلىق باشلايدىغان باھار ماڭا ئۆلۈمگە تەڭداش ئازاب ئېلىپ كەلگەنىدى. دەرد-ئەلەملىرىمنى كىمگە ئېيتىشنى، كىملەردىن تەسەللىگە ئېرىششنى بىلمەيتتىم. مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم ئاتا قىلغان خورلۇققا بەرداشلىق بېرىش-بەرمەسلىكىمنى دەڭسىيەلمەيتتىم. ئۆز-ئۆزۈمگە: «بەرداشلىق بەر، بارلىق قايغۇ-ھەسرىتىڭنى غايىۋى كۈچكە ئايلاندۇرغىن، قولۇڭدىن كېتىۋاتقان بەختكە قاراپ تۇرۇش، ئەقىدەڭنى يەرگە ئۇرغۇچىلارغا داغدام يول ئېچىپ بېرىش، سەن تۆلەيدىغان بەدەل ئەمەس!» دەپ شۇۋىرلايتتىم. يەنە ئۆز-ئۆزۈمدىن: «مەن راستتىنلا كېچىكتىممۇ؟ ئۇنىڭ بەختتۇيغۇسىنى قايتا ئويغىتالماسمەنمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتىم.

شەكلەنىڭ تويىنى قىلىۋېتىش كېرەك! ـ بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق ۋارقىرايتتىم. سەردارنىڭ نېمە ئويلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، قايتا-قايتا نىدا قىلاتتىم. چاچلىرىمنى يۇلۇپ، سەۋدايىلاردەك بىر ئورۇننى چۆرگىلەيتتىم، ئارقىدىن پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا پىچىرلايتتىم: مەن ساراڭ بولۇپ قالسام بولمايدۇ، مەن ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك! ئاتامنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسىنى بەجا كەلتۈرۈش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى!

سەردارنىڭ ماڭا تەسەللى بېرىشىنى، مېنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىشىنى شۇنداق خالايتتىم. راستىنى ئېيتسام ئۇنىڭ قۇچاقلىشىنى، ئەركىلىتىشىنى سېغىنغانىدىم. مۇھەببەت مېنى قارىغۇ ئەمەس، يوقاتقان نەرسىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان، ئازابلار دېڭىزىدىن خۇشاللىق سۈزۈۋالىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرگەندەك قىلاتتى. مەن سۆيگەن ئادىمىمنى، ئۆزۈمگە تەئەللۇق سۆيگۈنى قەدىرلەشنى بىلەتتىم. شۇڭلاشقىمۇ ھەر قانداق ئازاب ۋە خورلۇققا چىداپ ياشايتتىم، بەرداشلىق بەرسەملا چوقۇم غەلىبە قىلىدىغىنىمغا ئىشەنچىم بار ئىدى.

- ئاتامنىڭ ئىرادىسى، شەكلەنى ياتلىق قىلىشنى قارار قىلدىم.

سەردارغا بۇ قارارىمنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا يەنە ۋەز

ئېيتىدىغىنى، شەكلەنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلەيدىغىنى ئايان ئىدى.

- ئۇنىڭ لايىقى بارمىكەن؟

سەردارنىڭ مەن ئويلىمىغان يەردىن سوئال سورايدىغانلىقىنى ئويلاشمىغىنىم ئۈچۈن بىر ئاز تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم. شەكلەنىڭ يۈرگىنى بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم ئەمەس، ئېغىزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتىم. ئۇنىڭغا: «بار، ئەمما ئۇ ئادەمگە رىزقى چۈشمەيدۇ!» دېيەلەيتتىممۇ؟ ئەمەلىيەتتە، شۇنداق دېيىش زۆرۈر ئىدى، لېكىن ئاردىكى پەدىشەپ يىرتىلىپ كەتسە بولمايتتى.

- ئۇ توغرىدا پاراڭلاشقۇدەك بولمىدىم، بەلكىم ئۇمۇ بىكار يۈرمىگەندەك!

- يات بىر ئادەمنىڭ گېپىنى قىلغاندەك سۆزلەيسىنا؟

- تۈزىنى يەپ، تۇزلۇقىغا سىيىدىغان ئادەمنىڭ گېپىدەك ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟

ئاچچىقتا بۇ سۆزلەرنىڭ ئېغىزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم. سەردار مېنى تۈنجى كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە ئۇزاق قاراپ كەتكەنىدى. بۇ قاراشلاردا ھەيرانلىق ھەم بىرئاز ئەندىكىش بار بولۇپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ يالغاندىن كۈلمەيدىغانلىقىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

- ئادەم چۈشەنمەيدىغان بۇنداق گەپلەرنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالغانسەن، تەنە ۋە ئاچچىقتىن باشقا گەپلىرىڭ يوقتەك؟

- تاتلىق گەپلىرىممۇ بار ئىدى، ئەمما بەزىلەر ئاڭلاشنى خالىمايدىكەن!

- تاتلىق گەپ قايسى قۇلاققا ياقمايدۇ، شۇنداق قۇلاققا بىرنى ئۇرۇپ گاس قىلىۋەتكەن تۈزۈك!

- بۇ گەپلەرنى سىز دېدىڭىز-ھە!

- دېسەم بولمامدىكەن!

- ئېيتىڭا! مېنى ھازىرمۇ سۆيەمسىز؟

سەردار ئويلىنىۋاتقاندەك بېشىنى قاشلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان بىلەن قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە باش قاتۇرمىسا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ بۇ سوئال بىلەنلا قانائەتلەنمەيدىغانلىقىمنى، سوئاللارغا سوئال ئۇلايدىغانلىقىمنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى.

- مەن قاچان سېنى سۆيمەيدىغان بولۇپ قالدىم دېگەن؟

- ئۇنداق دېمىگەن بىلەن، كۆڭلىڭىزدە شۇنداق ئويلايسىز!

- پال ئېچىشنى ئۆگەنگەن بولساڭ بوپتىكەن!

- كۆڭلىڭىزدىكىنى تېپىۋالغىنىم ئۇچۇنمۇ؟

سەردار ئادىتى بويىچە گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا مېنىڭ سوئالىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

- شەكىلە توي ئىشىغا قوشۇلدىمۇ؟

- سىز قوشۇلسىڭىزلا، ئۇنىڭدا گەپ يوق!

- توينى يا مەن قىلمىسام؟

- توينى ئەلۋەتتە سىز قىلىسىز، ئاتا بولللۇق تۇرۇپ نەگە قاچاي دېگەن؟

- مەن ئاتا بولمىسامۇ، ئاتىسى تېخى هاياتقۇ!

- شۇنداقتىمۇ سىز ئاتا بولۇپ، توي قىلىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ ئاتامنىڭ ئىرادىسى!

- ئاتامنىڭ ئىرادىسى دېگەندىن كۆرە، ئاتامنىڭ پەرمانى دېگىنە!

- شۇنداق، پەرمانبەردار بولۇش بىز باللارنىڭ مەجبۇرىيىتى!

- پەرمانبەردارلىقنى دەپ شەكىلەنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىمىزمۇ؟

- بەخت ئۆزى كەلمەيدۇ، هەممە ئادەم ئۆزى ئىزدىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ. تويدىن كېيىن سىز ئويلىغاندىنمۇ بەك بەختلىك بولۇپ كېتەمدۇ تېخى!

- ناتايىن!

- رىشتە ئۈزۈلسە ئازابلانمايدىغان ئادەم يوق، ئۇنتۇش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك! نىكاھ ئىسىق، هەممىنى بىردەمدە چۈشكە ئوخشاش مەۋهۇملۇققا تاشلايدۇ.

سەردار ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆزى هەققىدە قايتا ئويلانمىسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. «ئاتامنىڭ ئىرادىسى» دېگەننى زورىغا تېڭىپ، ئۇنى شەكىلەنىڭ تويىغا ئاستا-ئاستا قايىل قىلمىسام بولمايتتى. مەن يالغۇز شەكىلەنىڭ بەختى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى باغلاپ تۇرغان كۆزگە كۆرۈنمەس رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلىمىسام بولمايتتى. شەكىلە بۇ قېتىم توي قىلىشقا قارشى تۇرمىغىنى بىلەن، هېچقايسىمىز ئويلىمىغان بىر شەرتنى قويۇپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ توي قىلىدىغان ئەر سەرداردەك مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئۆيى ناهىيە بازىرىدا، خىزمىتى يېزىدا بولۇشى كېرەك ئىكەن! ئۇنىڭ بۇنداق شەرتلەرنى ئويلاپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگەتىدىغان ئادەمنىڭ بىز

تاش سانغۇچە قۇم سانايدىغان ئادەملىكىنى بىلمەك قىيىنغا چۈشمەيتتى. شەكلەنىڭ بۇنداق شەرت قويۇشى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ خىيالى ياكى توي قىلىشقا رازىلىق بەرگىنى بولماستىن، بىزنى ئامالسىز قويۇش ئارقىلىق تويلىشىش ئويىمىزنى يوققا چىقىرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى.

- شۇنداق لايىق نەدە تەييار تۇرۇپتۇ جۇۋاينىمەك!

ئاچچىقتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تىل سالغاندىم. شەكلە قىتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، مېنىڭ بىلەن زوكۇنلىششقا جۈرئەت قىلغاندى.

- ئۇنداقتا بۇ توينى قىلماپتىمەن، مېنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا سەدىقە قىلاي دېمىگەن بولغىيتتىڭ؟

- مەھەللىدە شۇنداق ياخشى لايىق چىقىۋاتسا، نەگە باراتتۇق ئەمىسە!

- قويغىنە شۇنداق ياخشى لايىقنى، ھەممىسى لايىغەزەل نىملەرغۇ ئۇ! ساڭا تويۇمنى قىلىپ قوي دەپ ھال ئېيتمىغاندىن كېيىن، بۇنچە كۆچەپ كەتمىسەڭمۇ بولاتتى.

- مۇشۇنداق قېرى قىز بولۇپ ئولتۇراي دەمسەن؟

- ھازىرقى يېشىم «قېرى قىز» لاردىن بولۇشقا بۇرۇنلۇق قىلامىكىن، بۇ دېگەن ئاتام زامانى ئەمەس!

- ئادەمنى جىلە قىلىپ ئۆلتۈرەمدۇ نېمە؟ نەدىن گەپ قىلسا، شۇ يەردىن گەپ تەييار قىلدىيا!

- ئانام مېنى گاچا تۇغماپتىكەن.

- ساڭا ياخشى بولسۇن دېگەن گۇناھ ئۆزۈمدىغۇ مېنىڭ؟

- ياخشىلىق بىر ئۆزۈڭدىن ئايلانسۇن!

شەكلەگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان بولسىمۇ، ئۇنى يەنە گەپكە كۆندۈرۈشنى ئويلايتتىم.

- بۇ يالغۇز مېنىڭلا ئويۇم ئەمەس، ئاتامنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىكەن.

- ئاتامنىڭ ئارزۇسى دەپلا ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئەرگە تېگەمدىكەنمەن؟

- بىز سېنى چوقۇم شۇ بالا بىلەن توي قىلسەن دېمەيمىز، كۆڭلۈڭدە باشقا بىرى بولسا ئوچۇق ئېيتساڭ بولاتتىغۇ؟

- كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتالمايمەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس!

- نېمىشقا؟ ئۇ ياقا-يۇرتلۇق بولسا، ئاتامنى قوشۇلماسمىكىن دەمسەن؟

- ئۇ توي قىلىپ بولغان.

شەكىلە راستىنى ئېيتقاندى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەرنىڭ ئۆزىنى ئەمرىگە ئالالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت يوشۇرۇن ھېسلارغا چۆمۈلىدىغانلىقىنى ھەرھالدا تونۇپ يېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

- توي قىلىپ بولغان ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئۈيالمىدىڭمۇ؟ باشقىلارنىڭ بەختىگە قول سوزغاندەك قارا يۈز بولۇپ كەتمىگەنسەن!

- مۇھەببەتكە كىم قۇل بولمىغان؟ يۈرىكىم ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتسا ئامالىم قانچە؟

شەكىلەگە «قارايۈز بولساڭمۇ، ھەدەڭنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىدىغان قارا يۈز بولماسلىقىڭ كېرەك ئىدى» دەۋەتكىلى تاسلا قالغانىدىم. مەن شۇنداق دېگەنىدىمۇ، ئۇ بۇ قىلمىشىدىن تېنىۋالغان ياكى ماشا يەنە مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدە گەپ سېتىپ بەرگەن بولاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تېخىمۇ دوستانە ۋە مۇلايىم بولمىسام بولمايتتى.

- يەنە شۇ مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىقىڭنى دوغا تىكمەكچىمۇسەن؟

- بىلمەيمەن.

- ئۇنى ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى توي قىلىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

- ياق، توي قىلىشنى ئەسلا خىيال قىلمىدىم.

- ناۋادا ئۇ سېنىڭ توي قىلىشىڭنى خالايدىغان بولسىچۇ؟

شەكىلە مېنىڭ بىرەر نەرسىنى ھېس قىلىپ قالغان-قالمىغانلىقىمنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قارايتتى. چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇراتتى. مەن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، خۇددى ئۇنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقان ئادەمدەك تۇيغۇ بېرىشكە تىرىشىۋاتاتتىم.

- بۇ مۇمكىنمۇ؟

- ئائىلىسى بار ئادەم ئۈچۈن تامامەن مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار نىكاھتىن ھالقىغان مۇھەببەت ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى خالىمايدۇ.

شەكىلە خۇددى بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك ئويلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلىغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ بۇنچىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن، ئۆزۈمنىڭ دىلىنىڭ ئازار يېيىشىدىن، ھەممىنى ئوچۇق قىلىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنىدىم.

- بۇنى چۈشىنىمەن، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن!

بۇ جاھىللىق ۋە قىزغىنلىقتا تولغان يۈرەكنىڭ ھەقىقىي نىداسى ئىدى. شەكلەنىڭ مۇھەببەتنىڭ قايىنىمىغا شۇ قەدەر چۆكۈپ كەتكىنىنى، ئەخلاقتىن ھالقىغان ئاشىقلىق ئۇچۇن بارلىقنى دوغا تىكىشكە تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ زادى نېمىلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ بېقىشنى خىيال قىلغىنىم قىزىق-دە!

- بىر ئوبدان ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ ئېرىشكەن شۇ بەختتىن كۆڭلەرسەنمۇ؟

- ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش ئويۇم يوق، ماڭا پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببىتى بولسىلا كۇپايە!

- بىر ئۆمۈر «ئۈچىنچى شەخس» بولۇپ ئۆتمەكچىمۇ سەن؟

- باشقا ئامالىم ۋە تاللىشىم يوق!

- بۇ ئوقۇغان، مۇھەببەتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەمنىڭ دەيدىغان گېپى ئەمەس. ھەممىنى يېڭىدىن باشلىساڭ بولىدىغۇ!

- نەزەرىيە جەھەتتىن شۇنداق، ئەمەلىيەتتە ھەممىنى يېڭىدىن باشلىماق بەك تەس! مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

- ئۆزۈڭنى باقمامسەن، نىيەتسىز ئىش تۇتساڭ، ھەممە نەرسە تەستەك بىلىنىدۇ شۇ!

- قورقىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام خۇشال ياشىيالماسلىقىمدىن قورقىمەن.

- ئەخمەق! ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بەلكىم ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئەمەستۇ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا «سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن» دېگەندەك قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىدىغاندۇ، سەن شۇلارنى مۇھەببەت دەمسەن؟ بۇنداق قىزغىنلىقنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىغا ئىشەنگىنىكى، يەنە ئۆزۈڭنى ئالداپ يۈرمىگىن!

شەكلە ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى. ئۇ مېنى بۇنچىلىك سۆزلىيەلەيدۇ دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ ئۆتتەك ھېسسىياتىنى بوغۇپ قويماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئاقىلانە قارار چىقىرىشىغا ياردەم قىلىشنىلا ئويلايتتىم، ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

- كىشىلىك مۇناسىۋەت سەن ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس، مۇھەببەتمۇ ھەم شۇنداق! باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئوينىشىش ئاسان بولغىنى بىلەن، ھەقىقىي

قەلبنى ئۆتۈش باشقا گەپ. ئۇ ئادەمنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەنلىك بىلەن باراۋەر! ئېيتقىنا، قايسىبىر ئەر ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىنى خالايدۇ! سەنسۆيگەن ئەرمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ قەلبىدە ئايالى ھەم ئائىلىسى بار. ئۇنىڭ ساغلام ئاتا قىلىۋاتقىنى شۇ قەلبىنىڭ تويۇنماي، قۇرۇق قالغان ئازغىنا بىر قىسمى خالاس!

- مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

شەكىلەنىڭ بۇ سوئالى مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلانغاندا بۇ ئېھتىماللىقنى نەزەرىمدىن ساقىت قىلغانىدىم. ئۇنى قانداق قايىل قىلىش بىر قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىۋاتاتتى.

- مەن تويى قىلغان، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلىغان، قەلبىمدىكى ئۇنداق مۇھەببەتنى كۆمۈۋەتكەن، يېڭى مۇھەببەت ئويغاتقان بولاتتىم.

تاقىقا-تۇققا جاۋابلىرىم شەكىلەنى كۆلدۈرەمدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئۇ كۈلمەكتە يوق، نادانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بېشىنى چايقاپ تۇراتتى.

- سەنمۇ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىكەنسەن! مۇھەببەت بار يۈرەكتە قايتا مۇھەببەت ئويغىتىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ توغرا ئېيتقانىدى، مەن مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغانلىقىمغا ئىقرار بولۇۋاتاتتىم. مۇھەببەتنى چۈشەنگەن بولسام، سەردارنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان، شەكىلەگە ئورۇن قالدۇرمىغان، ھەممىمىزنى تەڭقىسلىقتا قويمىغان بولاتتىم.

- توغرا دەيسەن، مۇھەببەتنى چۈشەنمىگىنىم ئۈچۈن بەختىمگە باشقىلار شېرىك بولۇۋاتامدۇ!

شەكىلە جىمىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ كەڭ قورساقلىقىمنى، ئارىدىكى شەرم-ھايانى بۇزۇشنى خالىمايدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مەن بىشەملىك بىلەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن بولسام، ئاچا-سىڭىل ئىككىمىز بۇنداق ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشالمىغان، قەلبىمىزنى چۈشەنمىگەن بولاتتۇق.

- باشقىلار بەختىڭنى تارتىۋالالمايدۇ، سەن سەردار ئاكامغا ئىشەنگىن!

- مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى، سەردارغا ئىشىنىشنى خالايمەن. بىراق...

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالمىسام بولمايتتى. شەكىلەگە قېيىداپ ئۇنى ئۆزۈمگە ئۆچ قىلىۋەتسەم تېخىمۇ بولمايتتى. نەدىمۇ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى

ياخشى كۆرۈپ قالغىننى بىلىپ تۇرۇپ، بار ئازابنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشايدىغان مېنىڭدەك غەيرەتلىك، چىدامىلىق ئايال بولسۇن! مەن ئامالسىزلىقتىن مەردلىك يولىنى تاللىغان ھەم كۆز يېشىمنى يوشۇرۇپ، ئۆزۈم ئۇچۇن قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقاندىم.

ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم. شەكىلەنىڭ ئوي-خىيالىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنە ئۇنى بۇ خىل مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىشنى ئويلايتتىم. ئاتام ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ۋاپاسىزلىقىنى زاكىسىدا بوغۇپ قويمىسام، باشقىلارنىڭ تىلىغا چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئايرىۋەتمىسەم بولمايتتى. ئەمدىلا ئېسىگە كېلىۋاتقان، بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلىۋاتقان ئاتام بۇنداق ئار-نومۇسلۇق ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

- مەن ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ ئاتامنىڭ غۇرۇرى ۋە يۈز-ئابرۇيى ئۈچۈن بولسىمۇ مۇھەببىتىڭدىن ۋاز كەچمىسەڭ بولمايدۇ.

- مېنىڭ پەقەت ساڭا يېقىن يەردە تۇرغۇم، ساڭا ھەمراھ بولغۇم بار!

شەكىلە ھېچ نىيىتىدىن ياندىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن مېنىڭ بىلەن ئورتاق بىر بەختتىن بەھرىلىنىشنى ئويلاۋاتاتتى. بارلىق تىرىشچانلىقىمنىڭ يوققا چىققىدىغىننى، ئۇنى بۇ قارا نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى تەن ئالسامۇ، لېكىن ئاخىرىغىچە تىركەشمىسەم، مەلىكەمنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ پىداكارلىق قىلمىسام بولمايتتى. يۈز-ئابرۇينى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەپت-بەشرىسىنى ئېچىۋېتىش كېرەكمۇ؟ مەندە باشقا تاللاش يولى قالمىدىمۇ؟ ياق، ئۇلارغا يۈز كېرەك بولمىغنى بىلەن ماڭا يۈز كېرەك! مەن ياشىشىم، ئادەملىك پەزىلىتىم، ئار-نومۇسۇم بىلەن ياشىشىم كېرەك!

مەن سۆزۈمنى توختاتقىنىم بىلەن كۆز يېشىمنى باشقۇرالمايدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، بارلىق قايغۇلىرىمنى بىر يولىلا سۆزلىگەن، ئىچىم بوشاپ، يۈرەك چىققۇدەك كوتۇلدىغان بولار ئىدىم. ئەپسۇس مېنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىم، سەردارنىڭ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇشقا يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى. ئەتلەس كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەكلىرى ھۆل بولۇپ، پاقالچاقلىرىمغا چاپلىشىپ كېتىۋاتقان، سەھەرنىڭ سوغۇقىدىن تەنلىرىم يەڭگىل تىترەشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۆيگە قايتىشنى خىيال قىلمايتتىم. پەقەت شەبنەم سۇلىرى يۇيۇۋاتقان يۈزلىرىمنى قۇياشقا تۇتۇپ، يېڭى تاڭ بىلەن يېڭى ھېسقا كېلىشنى،

ھەممىنى تويي قىلغان خاتىرە كۆزلۈمدە قايتىدىن باشلاشنى ئويلايتتىم.

مەلىكەمنىڭ چۆچۈك چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندە قۇياشنىڭ كۆچلۈك تەپتى يۈزلىرىمدىكى شەبنەم تامچىلىرىنىلا ئەمەس، يوپۇرماقلاردىكى شەبنەملەرنىمۇ ئېلىپ كەتكەندى. مەلىكەمنىڭ مېنى قانداق ئىزدەپ تېپىۋالغانلىقىنى، ئېتىزلىقتىكى كىچىك ئېرىقلاردىن قانداق ئاتلاپ ئۆتكىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئۇ قوشغۇراقتەك ئاۋازى، ئەركىلەپ سۆيۈشلىرىنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئارامى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى. مەن قۇچىقىمنى كەڭ ئاچتىم، ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. مەلىكەم ياشلىرىمنى سۈرتەتتى، ئۆزى قوشۇلۇپ يىغلايدىغاندەك ئېسەدەيتتى.

- ئوت كەتتى... ئۆيىمىزگە ئاتام ئوت قويدى!

- شۇنداق، بۇ ئوتنى يالغۇز ئاتاڭ ئەمەس، كىچىك ئاپاڭمۇ بىللە قويغان، ئەمما ئىككىمىز بۇ ئوتنى چوقۇم ئۆچۈرەلەيمىز!

مەلىكەمنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلايتتىم، ئانىلىق مېھرىم بىلەن تەكرار سۆيەتتىم.

- مەن راست ئوتنى دەۋاتىمەن، ئاتام ئۆيىمىزگە ئوت... ئوت...

مەلىكەم سۆزىنى داۋام قىلالمايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى مېنىڭ قەلبىمنى چۆشەنگەن، ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان يىغىغا ئوخشىمايۋاتاتتى. ئۇ ھەر بىر ئېسەدەشنىڭ ئارىلىقىدا «ئوت... ئوت» دەپ تەكرارلايتتى.

- نېمە ئوت، ئۆيۈمىزگە راستىنلا ئوت كەتتىمۇ؟

- ھەئە، ئاتام ھېلىقى... ھېلىقى... گۈلدەك كۆڭلىكىنى كۆيدۈردى...

بۇنى ئاڭلاپ يۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. مەلىكەمنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىمچە بار كۈچۈم بىلەن ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈيتتۈم، يۈگۈرۈيتتۈم...

ئاشخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سۈس ئىس چىقىۋاتاتتى. قوشنىلار مەھەللەم تاقالغان ئىشىكتىن ئۆيگە كىرەلمەي، قورۇدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، ئىس چىقىۋاتقان دېرىزىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. كىچە كۆرگەن چۈشۈمنىڭ بۇنداق تېز رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمىسىمۇ، كۆڭلۈم بىر خىل شۇملۇقتىن خالىي، ئۆزۈمنى شۇنداق خاتىرجەم ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەلىكەم بۇنىڭدىن ھەيران بولغاندەك، ئۇماق بارماقلىرى بىلەن ماڭا ئوت كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتەتتى.

- قارا، ئوت... ئوت!

ئاچقۇچنى ئۆيدە قويۇپ چىققىنىم ئېسىمدە يوق، ئىشىككە قاراپ ئۈن-تىنسىز تۇراتتىم. مەلىكەمنىڭ ئىشىكنى ئۇرۇشى سەردارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ئىچى تەرەپتىن ھېچ ئاۋاز كەلمەيتتى. قوشنىلار ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون قىلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلدىم. چۈنكى، سەردارنىڭ ئۆيگە قوشۇپ ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرۈۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. دېرىزىدىن چىقىۋاتقان ئىس پۈتۈنلەي توختاپ، قوشنىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، مەلىكەم بىلەن ئىككىمىز سەردارنىڭ ئىشىكنى ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق.

- ئوت ئۆچتى، ئاتام نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايدۇ؟

سەردارنىڭ نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايدىغانلىقىنى، نېملەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغىنىنى مەنمۇ پەرەز قىلىپ بولالمايۋاتاتتىم. شۇ دەقىقىدە پەقەت ئۇنىڭ بىزگە ئېيتالمايدىغان ياكى بىزنىڭ كۆرۈشۈمىزنى خالىمايدىغان مەخپىيىتى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى دېگەننىلا ئويلىيالايتتىم.

ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى، سەردارنىڭ كۆزلىرى ياشلانغانىدى. بۇ ياش قانداقتۇر بىر قىيالماسلىقتىن تۆكۈلگەن ياش بولماستىن، ئاچچىق ئىسنىڭ دەستىدىن زورىغا چىققان ياشقا بەكرەك ئوخشايتتى. ئۇ بۈگۈن ئۈچىسىغا يېقىندىن بۇيان كىيىۋالغان ھال رەڭ كۆڭلەكنى ئەمەس، ئاق كۆڭلەكنى كىيىۋالغانىدى. قوللىرى قارا-قۇرا بولسىمۇ، كۆڭلەك ھازىرلا بازاردىن ئالغاندەك ئاپئاق، بىرەر يېرىدىمۇ كۈل توزۇندىسى يوق تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئاشخانا ئۆيدە نېمە قىلغانلىقىنى سوراپ يۈرمەيتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ بولسىمۇ ئېيتىپ بەرمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

كېيىم ئىشكاپىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەنگەن، سەردارنىڭ ئوتنى ئوت بىلەن كۈل قىلىپ تاشلىغىنىغا ئىشەنگەنىدىم. مەن تېخى تونۇگۈن كۆرگەن، قولۇمغا ئېلىپ لەنەت ئوقۇغان، سېرىق، ھال رەڭ كۆڭلەكلەرنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ئورنىنى مەن يۇيۇپ دەزماللاپ چامادانغا سېلىۋەتكەن كۆڭلەكلەر ئىگىلىگەندى.

- ھەممىسى كۈلدەك توزۇپ تۈگىسۇن، بۇ سەھەرگە كۈلۈپ باقايلى! ـ سەردار پەس ئاۋازدا، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، ـ مېنى كەچۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلمايمەن، ئەمما ماڭا بىر پۇرسەت بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن!

مەن ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ياق دېيەلەيتتىممۇ؟ بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقمىغان تەقدىردىمۇ، مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلمايتتىم.

- ئۆتۈنۈشىڭىز ھاجەتسىز، ھەممىنى باشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن بولسىڭىزلا پۈرسەت ھامان بار!

ئۈنىڭ باغرىغا تاشلاندىم، ئۇ ئاۋۋال چاچلىرىمنى سىلاپ، ئاندىن مەھكەم قۇچاقلىدى. يۈزلىرىمگە سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى ئالىقىنى بىلەن ئەمەس، لەۋلىرى بىلەن سۈرتۈپ، مۇھەببەت ئاياللارغا ئاتا قىلىدىغان بەختنى ماڭا قايتىدىن ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇنداق قۇچاقلىشىغا خېلىدىن بېرى مۇيەسسەر بولالمىغىنىم ئۈچۈن قايغۇراتتىم، قايتا ئېرىشكەن سۆيگۈم ئۈچۈن شادلىناتتىم. كۆز يېشىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك، قەلبىمدىكى دەردلەرنى پۈتۈنلەي يۇيۇۋېتىدىغاندەك توختىماي تۆكۈلەتتى.

- كۆز يېشىڭنى ئەمەس، تەبەسسۇمىڭنى كۆرگۈم بار!

ئېسەدەپ تۇرۇپ قانداق تەبەسسۇم قىلغىنىمنى بىلمەيمەن، سەردارنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندىم. مەلىكەمنىڭ ئىككىمىزنىڭ پۇتنى قۇچاقلىشى بىلەن ئېسىمنى تاپتىم. ئۇ مېنىڭلا تىزلىرىمنى ئەمەس، سەردارنىڭمۇ تىزلىرىنى ئەگكەندى. بىز مەلىكەمنى ئارىمىزغا ئېلىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ يۈزلىرىگە يېقىپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق قۇچاقلاشتۇق، يىغلاشتۇق، كۈلۈشتۇق... كۆڭلىمىزدىكى بارلىق گەپلىرىمىزنى، قەلبىمىزدىكى دەرد-ئەلەملىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇق.

شەكلەنىڭ ئوقۇشقا كېتىشى، ئاتامنىڭ ھويلا-ئارانغا چىققۇدەك بولۇشى، مېنى تېخىمۇ خۇشال ھەم خاتىرجەم قىلغان بىلەن ئاشۇ قېتىملىق ئوت تەقدىرىمنى ئۆزگەرتكەن، سەردارنى قايتىدىن يېنىمغا قايتۇرۇپ كەلگەندى.

# مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز،
بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان.
ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟
ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

## مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com